(ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

# شىنجاڭ مىللەت-دىن خىزمىتى

## 新疆民族宗教工作

1

1997

(ئومۇمىي 19 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى تۈزدى

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

# شىنجاڭ
# مىللەتلەر ـ دىن خىزمىتى

(ئىچكى ماتېرىيال،
دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

## 1997 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 19 ـ سان)

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى
كومىتېتى تەشۋىقات ـ مائارىپ
باشقارمىسى تۈزدى

1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

## مۇندەرىجە

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى ............... چېن خۇڭ (1)

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەدبىرلەرنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيلى ........

— دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ..................... تەۋەككۇل (9)

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن خۇلاسە سۆز ................. لى جيەنخۇي (23)

ئاپتونوم رايونلۇق 1997 ـ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ............................... جۇشېڭتاۋ (37)

ئاپتونوم رايونلۇق 1997 ـ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ............................... يۈسۈپ ئەيسا (40)

ئاپتونوم رايونلۇق 1997 ـ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ............................... رەخمان مەسۇم (47)

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1996 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 1997 ـ يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .................. (53)

# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

چېن خۇاڭ

(دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى)

**ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش**

1993 - يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. بۇ قېتىملىق يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، يولداش خۇجىنتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر ھۆججەت ھاسىل قىلىندى. يىغىن روھىغا ئاساسەن ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە ھەر قايسى جايلار مول تەجرىبىلەرنى جۇغلاپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ئالغا سۈردى.

پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ماۋجۇشى ئەينى چاغدىلا: «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جۇڭگو سوتسىيالىزمى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخى ماۋجۇشىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسىگە، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىمۇ نۇرغۇن دانا بايانلىرى بار. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ھەققىدە بىر يۈرۈش بايانلىرى ۋە تەلەپلىرى بار.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان؛

بىزنىڭ بىپايان جۇڭگو زېمىنىمىزنى 56 مىللەت بىرلىكتە ئاچقان، بىرلىكتە قوغدىغان؛ يېڭى جۇڭگونىڭ بۈگۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 56 مىللەت بىرلىكتە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدىكى ھەربىر ئۇتۇقىمىزغىمۇ 56 مىللەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىمۇ 56 مىللەت ئورتاق تىرىشماقتا، ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماقتا. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە زىچ ھەمكارلىشىپ، نەتىجىلىرىنى بىرلىكتە ياراتتى، ئورتاق تەرەققىي قىلدى، ئورتاق ئالغا باستى، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان، ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا كۆپ مىللەت بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان پارتىيە ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەكىلى بار ئىدى، مەسىلەن، يولداش دېڭ ئېنمىڭ شۈيزۇ مىللىتىدىن ئىدى. پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بار ئىدى. ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان رەھبىرىي كادىرلار تېخىمۇ كۆپ. دېمەك، بىزنىڭ ھەربىر ئىنقىلابىي تارىخىي دەۋرىمىزدىكى ئىنقىلابىي كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە، خەلقئارادا مىللىي مەسىلە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلمىغانلىقتىن، رايونلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدىغان، دۆلەت پارچىلىنىدىغان، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. دۈشمەن كۈچلەر جۇڭگونىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئۇلار يولغا قويۇۋاتقان «غەربچىلەشتۈرۈش» ، «پارچىلاش» سىياسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە مىللىي - دىنىي نام بىلەن مەملىكىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق خەلقئارالىق مۇھىتتا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۈم - ئىتتىپاق بولدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپتى، بۇ ئەھۋال خەلقئارادىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى. نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاق بولالىدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپالىدى؟ چۈنكى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى توغرا بولدى. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش دۆلىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار بار، زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. ئۇلار پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ. ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلارنىڭ

دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا كۈچلۈك ئىتىقادى ۋە ئارزۇسى بار. ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىق، ناھايىتى تىرىشچان، ئىخىر ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىزدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقتىن ۋە چەت - ياقا رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇرغاچقا قاتناش ئىشلىرى قالاق، مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىزراق، شۇڭا، نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بولغان ياردەمنى كۈچەيتىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، بۇ تارىخنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېھتىياجى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى مۇناسىپ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك، بۇ بىر تۈرلۈك كونكرېت كادىرلار خىزمىتى، كادىرلار خىزمىتى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خىزمەت، ئالاھىدە مۇھىم بىر خىزمەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەسىر ھالقىيدىغان قۇرۇلۇش قىلىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىمىز ئۈچۈن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكىلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە قىلىپ ئىشلىشىمىز، شۇنداقلا تەشكىلات تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، بىرلىك سەپ تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيدىغان مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا، بىز بۇ خىزمەت ھەققىدە تولۇق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يەنە بىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىمۇ بولۇشى كېرەك.

## يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش

باش شۇجى جياڭ زېمىن «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىنى تەكىتلىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە ۋە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە، پۈتۈن پارتىيە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىمىز پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش خىزمىتى چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، مۇستەھكەم كوممۇنىستىك دۇنيا قارىشى، مۇستەھكەم سىياسىي مەۋقەسى، ئېنىق سىياسىي يۆنىلىشى بولۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلىشى كېرەك. بۇ باش شۇجىنىڭ پۈتۈن پارتىيە كادىرلىرىغا قويغان تەلىپى، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ ھەرگىز بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشتىن باشقا يەنە كونكرېتلاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار. بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشنى تىكلەش داۋامىدا، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەشنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى دېگىنىمىز مىللىي مەسىلىگە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1992 - يىلى مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: مىللىي مەسىلە سوتسىيالىزم ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ مۇپەسسەل بايان قىلغانىدى. مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە، باش شۇجى جياڭ زېمىن 12 جەھەتتىن مىسال كەلتۈردى. شۇڭا، بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن توغرا بولغان مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەمدە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىمىزدىكى يادرو يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان. بىر قېتىم بىر نەچچە يولداش بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمدا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر كادىر: بىرىنچىدىن، مەن كوممۇنىستمەن، ئىككىنچىدىن، دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، ئۈچىنچىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرىمەن، شۇڭا ئالدى بىلەن ئەڭ ئاساسلىقى مەن كوممۇنىست بولغىنىم ئۈچۈن پارتىيىنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ مەن دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، جەزمەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ نىزامى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان كادىرمەن، مەسىلىلەرنى ئويلىغان ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۆز مىللىتىمگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئاساس قىلىشىم لازىم، دەپ ئىنتايىن ياخشى ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى. مەن بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان، لېكىن مەن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولالىدىم، ئۇنداق بولمىغاندا، ھېلىھەم قۇل بولغان بولاتتىم، بۇ گەپلەرنى بىر زاڭزۇ كادىر قىلغانىدى. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئىككىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ كادىرلارغا قويغان بەش شەرتىگە ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئالدىدا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ جىددىي بىر ۋەزىپە تۇرماقتا. ماركسىزملىق نەزەرىيىنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشى، تارىخىي بىلىملەرنى، ئىقتىسادنى، باشقۇرۇشنى، تېخنىكىنى، كەسپنى ئۆگىنىشى ھەمدە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئۆز خىزمىتىدىكى كەسىپ ماھىرلىرىدىن بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولغۇچىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما

ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىگە تاكامۇل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچقانداق بىر ئىشقىمۇ كامىل ئەمەسلەردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار جەزمەن بىرەر تۈرنى بولسىمۇ پىششىق بىلىشى لازىم، قانداق قىلغاندا پىششىق بىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ سۆز كۆپەيسە پاراخوت كۆتۈرۈلىدۇ، بىلىم دائىرىسى كەڭرى، نەزەرىيىۋى ئاساسى پۇختا بولۇشى كېرەك. ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاساسىي بىلىم ھەققىدىكى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپكىمۇ قېتىرقىنىپ بېرىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى، ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، ئېگىزدىرەك تۇرالايمىز، يىراقنىراق كۆرەلەيمىز، مەسىلىلەرنى بۇرۇنراق، ئەتراپلىقراق ئويلىيالايمىز، ئىشلارنى ئوبدانراق قىلالايمىز. شۇنداق قىلغاندىلا كەڭ ئاممىنىڭ خىزمەت ۋە قۇرۇلۇشىغا باشلامچىلىق قىلىش سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز. ئۇنداق بولمىسا، باشقىلارچىلىكمۇ، ئاماچىلىكمۇ بولالمىساق، قانداقمۇ ئاممىغا باشلامچى بولالايمىز؟ ئاممىنى قانداقمۇ يېتەكلىيەلەيمىز؟ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان قابىلىيەتكە قانداقمۇ ئىگە بولالايمىز؟ ئۇ ھالدا بىز ئۇيۇشۇش كۈچىدىن، جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز، چاقىرىق قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز، نەتىجىدە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قالىمىز، دەرۋەقە، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، خەنزۇ كادىرلىرىمىز ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خەنزۇ كادىرلار ئۆزىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر.

ئۈچىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بەش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا كەسپنى قەدىرلەشكە، پاك بولۇشقا، تىرىشىپ ئىشلەشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر كونكرېت ئوبيېكتنى چىقىش قىلغىنىمىزدا مۇئەييەن ئۆزگىچىلىككە ئىگىدۇر. ھازىر مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى پەيدىنپەي غەربىي قىسىمغا يۆتكەش ھەققىدە مۇھىم قارار چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە كونا ئىنقىلابىي بازىلارغا ياردەم بېرىشنى گەۋدىلەندۈردى. ۋەھالەنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، كادىرلىرىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە باشلامچىلىق قىلىشىغا تېخىمۇ مۇھتاج. شۇڭا بىز خەلق ئاممىسىنى قەلبىمىزگە تېخىمۇ چىڭ پۈكۈپ، ھەقىقىي رەۋىشتە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىش بېجىرىش، قارار چىقىرىش ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدىكى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم.

شۇنداق قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى خىزمىتىمىزدە پۈت تىرەپ

تۇرالايمىز، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلالايمىز، ھەقىقىي يوسۇندا كۆڭ فەنسىنگە ئوخشاش جان - دىلىمىز بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىمىزدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئارقىدىراق بولغاچقا، بىز شەخسى تۇرمۇش جەھەتتە تېخىمۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان بولۇشىمىز، تېخىمۇ تېجەشلىك بولۇشىمىز كېرەك، ئىسراپچىلىق قىلىپ، بۇزۇپ - چېچىشىمىزغا بولمايدۇ، يالغانچىلىق، ساختىلىق قىلىپ، يۇقىرىنى گوللاپ، تۆۋەننى ئالدايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىدە باش شۇجىنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك تىرىشچان ۋە پاك بولۇش ئىنتايىن رېئال ۋە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشتا باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەسىلىسىمۇ بار. مەملىكىتىمىزدە ئالدىنقى قېتىم نوپۇس ئېنىقلاشتا ئىسپاتلىنىشىچە، ناھىيە بىرلىك قىلىنغاندا، ھەربىر ناھىيە ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان. دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى بار، ھەر قايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەسىلىسى بار. شۇڭلاشقا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاق ئۆتتۈشى تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىگە ئېرىششى ۋە غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ھەر قايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كادىرلار بار بولۇپ، ھەممەيلەن جاي - جايلاردىن كەلگەن، تىل جەھەتتە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا مەلۇم قىيىنچىلىقنى يېگىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاراكتېر جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بار، بەزىدە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بولىدۇ، پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەت دېگەن سۆز. ئەگەر ئۇ زىددىيەت مۇۋاپىق ھەل قىلىنسا، پائال تۇردە ئالغان ئىنتىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالىدۇ، ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن. بۇ مەسىلىلەر بىزدىن ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر - بىرىمىزنى توغرا چۈشىنىپ، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىدە خەنزۇ يولداشلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، خەنزۇ يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ھۆرمەتلىشى كېرەك. ماۋجۇشى: خەنزۇ كادىرلار بىلەن مىللىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلسە، خەنزۇ كادىرلار ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى. مەن — خەنزۇ كادىر، بىز خەنزۇ كادىرلاردا ھەرگىز چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بولماسلىقى كېرەك. مەسىلىگە يولۇققاندا، كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. مىللەت دېگەن ئۇقۇم بويىچە ئايرىساقمۇ بولمايدۇ. ئالدى بىلەن پرىنسىپنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، پرىنسىپ مەسىلىسىدە مۇجمەللىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاكىتقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پرىنسىپسىز مەسىلىلەردە، ئادەتتىكى كونكرېت مەسىلىلەردە جەزمەن كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەك، تۇگۇنچەكنى ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېشىش كېرەك. ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولغان بارلىق ئامىللارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەنزۇ كادىر بولغانىكەن، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيە، مۇشۇنداق خىسلەت، مۇشۇنداق قەلب ۋە كەڭ قورساقلىق بولۇشى كېرەك، خىزمەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ئىشلىشى ۋە زىددىيەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك.

**هەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك**

پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت، كادىرلار خىزمىتىگە پارتكوم، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش، ئىككىنچىدىن، زىچ هەمكارلىشىش، ئۈچىنچىدىن، قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئۈچ ئېغىز سۆزدۇر.

**1. ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش.** ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە، هەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۇ خىزمەتنى قوشۇمچە خىزمەت دەپ قارىماي، ئۆز خىزمىتىمىز دەپ قارىشىمىز، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىشىمىز، مىللەتلەر خىزمىتى ئىچىدىكى مۇهىم بىر خىزمەت دەپ قارىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىش - ئالغا بېسىشنى چۆرىدىگەن هالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى هەرگىز باش تارتىپ بولمايدىغان مۇهىم بىر خىزمەت هېسابلىنىدۇ. باش تارتىپ بولمايدىغان خىزمەت بولغانىكەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى ۋە تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ چۈشۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار هۆججەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ روهىنى ئەستايىدىل هالدا ئوبدان ئۆگىنىپ ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەهۋالىنى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشىنىشىمىز، بىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەهەتتە بەزى ئۆلكىلەر ناهايىتى ئوبدان ئىشلىگەن. جىلىن ئۆلكىسىنى ئالساق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى ۋە تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان. شۇنداق قىلىپ، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن ناهايىتى پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بىز هەرخىل تىپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەۋسىيە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ۋە هەرخىل تىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاپ، تەشكىلات تارماقلىرىغا پائال تۈردە تەۋسىيە قىلىشىمىز كېرەك. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكىلەر تەشەببۇسكار بولۇشىمىز كېرەك. هازىر مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئۇدا ئالتە يىل ئۇيۇشتۇرۇپ كەلدى. بۇنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەشەببۇس قىلغانىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى پائال قوللىدى، ئۇنىڭغا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پائال قاتناشتى. هازىر بۇ ئۇچ ئورۇن ناهايىتى ئوبدان ماسلىشىپ كەلمەكتە. هەر قايسى ئۆلكە، شەهەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەشكىلات بۆلۈملىرى، بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى ماسلىشىپ بەردى، شۇڭلاشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ پائال تۈردە

تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشىمىز لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى بازا قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى بىۋاستە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىشىمىز كېرەك. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئالتە ئالىي مەكتەپ بار. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا تەرىقىسىدە ئوبدان قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم، ئۇ مەكتەپلەرنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىمىز دۆلىتىمىز ئۈچۈن خېلى زور تۆركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىم ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ ئۈستۈنلۈكىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلىرىمىزنى بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**2. زىچ ماسلىشىش.** ئالدى بىلەن تەشكىلات تارماقلىرىغا ماسلىشىش كېرەك. تەشكىلات تارماقلىرى كادىرلار خىزمىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى جەھەتتە ناھايىتى جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ياخشى تەسەۋۋۇرلىرى بار، بىز داۋاملىق ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ھەمكارلىشىپ كەلمەكتە. بىز ھۆكۈمەت تارمىقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، كادىرلار مەسىلىسىدە ھەر قايسى تارماقلار بىلەن قانداق ماسلىشىش جەھەتتە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ خىزمەتنى ئىشلىشىمىز كېرەك.

**3. قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش.** بىز ھەر قايسى تارماقلار بىلەن ھەمكارلاشقاندا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قانداق رول ئوينايدۇ؟ كادىر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بىز قوشۇمچە رول ئوينايمىز، بىرىنچىدىن، ئورنىمىزدىن ئاتلاپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ئاتلاپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پاسسىپلىق قىلىشقا، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي يۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ رولىنى ناھايىتى جايىدا مۇۋاپىق جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ھەم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇشىمىز، ھەم ھەممىگە چات كىرىۋالماسلىقىمىز كېرەك، بولۇپمۇ كادىرلار مەسىلىسىدە، ئادەم مەسىلىسىدە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشىمىز، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز پەقەت ھەمكارلىشىپ، قاتنىشىپ، ماسلىشىپ بەرسەكلا، ئۆزىمىزنى جايىغا قويۇپ، توغرا قويۇپ، قوشۇمچە رولىمىزنى ئوبدان ئويناشقا رازىمەن دېمەيمىز، بۇ ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلە، بىز دەۋاتقان خىزمەت قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش كېرەك، دېگەنلىكتۇر، ئۇنى ئوبدان ئوينىمىساقمۇ بولمايدۇ، كىچىككىنە بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، گەپ قىلماي يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. قوشۇمچە رول دېگەندە، ئۇنىڭغا تەئەللۇق مەزمۇن بار، ئۇنى ئوبدان ئوينىشىمىز كېرەك.

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەدبىرلەرنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيلى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**تەۋەككۇل**

1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

يولداشلار:

بۇ قېتىم دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى پۈتۈن پارتىيە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرىۋاتقان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تېمىسى: 1993 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتەشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئىزچىللىشىش - ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئۈچ يىلدىن بۇيانقى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ھەر قايسى جايلارنىڭ ياخشى ئۇسۇل - مېتودىنى ئالماشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇڭ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىغا ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ بىزنىڭ مەركەزنىڭ روھىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىزدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداشلارنىڭ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپچىلىكنىڭ يىغىن مەزگىلىدە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ يىغىننى

بىرلىكتە ياخشى ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندە، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

**1. 1993 - يىلى ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى خوشاللىنارلىق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى**

1993 - يىل 6 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا، ئەينى ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 2000 - يىلغىچە بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ 8 يىللىق پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن، «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەر قايسى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، 1993 - يىلى ئېچىلغان يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى: مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى كىشىنى خۇشال قىلارلىق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە گەۋدىلەندى:

1) مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى، 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىدىكى ئادەم سانى 2 مىليون 482 مىڭغا يەتتى، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كادىرلار قوشۇنى ئومۇمىي سانىنىڭ 6.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنى يىغىندىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى 0.12 پوئېنت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2) زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 156 مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆتەيدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىچىدە 33 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار بولۇپ، بۇ ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 7.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنى يىغىندىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 4 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە - مىنىستىر دەرىجىلىك، ۋىلايەت - نازارەت دەرىجىلىك، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 11.96 پىرسەنتىنى، 8.07 پىرسەنتىنى، 7.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بەش ئاپتونوم رايوندا ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرىدىن 14 مىڭ 566 ئادەم بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە - مىنىستىر دەرىجىلىك كادىردىن 157 ئادەم، ۋىلايەت (نازارەت، ئىدارە) دەرىجىلىك كادىردىن بىر مىڭ 294 ئادەم، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىردىن 13 مىڭ 115 ئادەم بار.

3) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىدا 40 ياشتىن تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 40 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار 75 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر، قوشۇندا پەلەمپەي قۇرۇلمىسى شەكىللەندى، ياش قۇرۇلمىسىمۇ كۈندىن كۈنگە ئۇيغۇنلىشىۋاتىدۇ. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدىكى كەسپىي تېخنىك كادىرلار 1 مىليون 644 مىڭ ئادەمگە يەتكەن، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 2. 66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنى يىغىندىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەت تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك كادىرلارنىڭ سانى 1.6 پوئېنت يۇقىرى كۆتىرىلدى.

1993 - يىلدىكى يىغىندىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق خىزمەت ئەھۋالىنى يەكۈنلىگەندە، ھەر قايسى جايلارنىڭ ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى. ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار بۇ خىزمەتنى باشقۇرىدىغان رەھبەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەمدە بۇ خىزمەتنى پۈتكۈل كادىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دەپ تونۇپ تۇتتى، خىزمەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، مەخسۇس تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاز بولمىغان ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ھەمدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئۈچ بۆلۈم، كومىتېت بىرلىكتە چاقىرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، كونكرېت يېتەكچى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىن روھىنى ئاساسىي قاتلاملارغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىشى - ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئىككىنچى، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈردى. 1993 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئۈچ بۆلۈم، كومىتېت

چاقىرغان يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئۆز جايىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ كونكرېت پىلان ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مەسىلەن: جىلىن ئۆلكىسى ئۈچ ئورۇن بىرلىكتە ئىشلەيدىغان خىزمەتنى يىغىنچاقلاپ «تۆتنى بىرلىكتە ئىشلەش» نى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئالاقىلىشىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، خىزمەت پىلانى تۈزۈش، ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تونۇشتۇرۇش؛ ھەر يىلى بىرلىكتە بىر قېتىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ ھەر يىلى بىرلىكتە بىر قېتىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش؛ ھەر يىلى بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆرسىتىپ بېرىش. سىچۈەن ئۆلكىسى بۇ خىزمەتنى يىغىنچاقلاپ «بەشنى بىرلىكتە ئىشلەش» نى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ئۈچ بۆلۈم، كومىتېت قارەللىك ھالدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە بىرلەشمە يىغىن ئېچىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە خىزمەت پىلانى تۈزۈش؛ خىزمەت دوكلاتى بېرىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇش، يىل بېشىدا ھەر قايسى جايلارغا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يىل ئاخىرىدا خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش ۋە مەركەزگە خىزمەتتىن دوكلات بېرىش؛ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، تېما تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش، ھەر يىلى نۇقتىلىق تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، مەخسۇس تېمىدا دوكلات يېزىپ، سىياسىگە دائىر تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە يىللىق يىغىن ئېچىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى بويىچە يىللىق يىغىنىنى ئېچىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش، ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش؛ ئۈچ بۆلۈم، كومىتېت ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، ئىش تەقسىماتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى بېكىتىپ، ھەر قايسىسى ئۆز خىزمىتىنى قىلىش ئاساسىدا ئۆز ئارا ماسلىشىش، خىزمەتلەرنى جانلىق، تەسىرلىك، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش.

ئۈچىنچى، كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ، سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى. سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى جايلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا بولغان يېڭى تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېقىنقى بىر مەزگىلدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانى ۋە ئۇزاق مەزگىل تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. بىرىنچىدىن، سىياسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي جەھەتتىن

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي ئوقۇش تارىخى كۇرسىنى چىڭ تۇتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قاتارلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۆرلۈك ئالىي مەكتەپ، چوڭلار ئالىي مەكتىپى ۋە سىرتتىن ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا تايىنىپ، ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان ئەركىن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ لىنىيىلىك، كۆپ خىل شەكىللىك ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلدى، نۇرغۇن ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەر مۇناسىپ ھالدا يېزا - بۆلۈم دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىش ئورنىدا كەسپىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىقىش قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست باشلىقلىرى، ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىلىرى ۋە مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئېچىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئىككىنچى، ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كادىر ئالماشتۇرۇش، ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش، خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش قىلىشقا تەشكىللەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياش كادىرلارنى تەربىيىلىدى. نۆۋەتتە، ئېلىمىزدا ھەممە تەرەپتىن تەڭ ئېلىپ بېرىش، قاتلاممۇ قاتلام ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇزۇن مەزگىللىك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن قىسقا مەزگىللىك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ لىنىيىلىك، شەكلى ھەرخىل بولغان ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلى شەكىللەندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، ھەر قايسى جايلارمۇ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن: سىچۇەن ئۆلكىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان 5 تۈركۈم جەمئىي 133 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا تەشكىللىدى. 230 دىن كۆپرەك كادىرنى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا ۋە ئۆلكە ئىچىدىكى چېڭدۇ، چۇڭچىڭ، دېياڭ، مىيەنياڭ، لېشەن قاتارلىق رايونلار (شەھەرلەردە) دا ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇردى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 450 دىن كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى مەركەز ۋە تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 500 دىن كۆپرەك ئوتتۇرا ياش، ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى ئاساسىي قاتلام ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەيدانلىرىغا ئەۋەتىپ چېنىقتۇردى. خۇنەن ئۆلكىسى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان بىر مىڭ 71 نەپەر كادىرنىڭ ئىچىدە 665 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىي مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان 82 نەپەر مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى تاللاپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا - بازارلاردا خىزمەت

قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئەسىر ھالقىيدىغان كادىرلار قاتارىدا تەربىيىلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، 530 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا تەشكىللىدى. بۇلتۇردىن باشلاپ ھەر يىلى تەخمىنەن 160 ئادەم تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇشنى 2000 - يىلىغا بارغىچە جەمئىي 1000 ئادەمنى ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىلگىرىكى كونا ئەنئەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ، شىزاڭ سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل يەنە ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي (ئىقتىسات) باشقۇرۇش خادىملىرى ئۆمىكىنى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى چۈشۈنىشىگە، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشىگە ياخشى رول ئوينىدى. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىنى ئىدىيە، ھىسسىيات ۋە خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىن ئاساسىي قاتلاملارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشۈنۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە تېگىشلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. نۆۋەتتە ھەر قايسى جايلار 40 ياشتىن تۆۋەن بىر تۈركۈم ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ۋىلايەت، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈردى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىــزنىــڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز — ئازاتلىق ئارمىيە، قورallىق ساقچى قىسىم، جامائەت خەۋپسىزلىكــى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىمۇ پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. بۇلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەپ زاپاس كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزۈپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت

زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ بىر تۈكۈم ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلار ئىسمىلىكىنى تۈرغۈزدى ۋە ئىگىلىدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 33.10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 11.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسىمۇ مۇۋاپىقلىشىش ۋە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، جىلىن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى ھەم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەسىلەن: 1994 - يىلى «مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلارنى كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەر يىلى تەڭ دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلۈمىگە مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 5 - 10 ئادەمنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ھەم ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئالتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1993 - يىللىق سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى، نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، پائال ھالدا شۇ يەرلىك پارتكومغا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە دائىر سىياسىي خاراكتېرلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا قارىتا، يەنى سايلام پەرقى، دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى ۋە توختام تۈزۈمى قاتارلىق يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا نىسبەتەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارغا سىياسىي خاراكتېرلىك تەكلىپلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لياۋنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن بىرلىكتە ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىس - ئالىملار لۇغىتى» نىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە قىسمىنى تۈزۈشكە، يېزىشقا تەشكىللەپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرنى جانلاندۇرغان 19 مىڭدىن كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىس - ئالىملىرىنىڭ ۋەتىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى خاتىرىلىدى. يەنە مەسىلەن: سىچۇەن ئۆلكىسى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى كەڭ - كۆلەمدە تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ھازىر ئۆلكىدىن تاكى ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاست، ناھىيىگىچە قاتلاممۇ قاتلام ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سانلىق مەلۇمات ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجنى مۆلچەرلەش، ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرى خىزمەت پىلانىنى تۈزۈش ۋە تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلار ئۈچ ئوبلاست، بىر ۋىلايەت، ئىككى شەھەرنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مەسىلىسى ۋە ئېھتىياجىنى مۆلچەرلەش ئەھۋالىغا قارىتا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى، ھەمدە «سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى ئەھۋالى، ساقلانغان مەسىلە ۋە تەدبىر» دېگەن ۋەزىپە دوكلاتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بېيجىڭ، سەندۇڭ، لياۋنىڭ، جىلىن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەرمۇ بۇ خىزمەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايدۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 2. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر

بىز يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1993 ـ يىلى ئېچىلغان يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بىلەن خېلى چوڭ پەرقى بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، جايلارنىڭ بۇ خىزمەتنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەرەققىياتى يەنىلا تەكشى ئەمەس. كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى. لېكىن يەنە بەزى جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشى، بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى كونكرېت پىلان ۋە تەدبىرلىرى كەمچىل، ئۇلار خىزمەتنى چىڭ تۇتمىغان، بىر قەدەر پاسسىپ ئورۇندا تۇرغان. بەزى تارقاق، ئارلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاڭلىق، پىلانلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كەمچىل، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يەنىلا تەبىئىي يېتىلىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تارقىلىشى مۇكەممەل، مۇۋاپىق بولالماسلىق ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت، 80 پىرسەنت كادىر پارتىيە، ھۆكۈمەت، مەدەنىي ـ مائارىپ (باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ)، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا تارقالغان، ئەمما كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملار، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى، پەن تەتقىقات خادىملىرى، ئادۋوكات، جامائەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى ۋە تەرجىمانلار بىر قەدەر كەمچىل، بولۇپمۇ ئىقتىساد ۋە تىجارەتنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر بولغان بازار ئىگىلىكى ساھەسىدىكى كادىرلار ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى تېخىمۇ كەمچىل، شۇڭا پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى كۆپ، باشقۇرغۇچى كادىرلار ئاز، پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرى تېخىمۇ ئاز بولۇشتەك مۇۋاپىق بولمىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، بۇ ئەھۋال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىراجىتى كەمچىل، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش شارائىتى ناچار، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇش خىزمىتىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. ئۆلكە ئىچىدىكى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان كەسپلەر بويىچە ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىشكە، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق رەھبەرلىك ئورنى ۋە ئىگىلىك

باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى سانى يەنىلا تۆۋەنرەك، رەسمىي خىزمەتچىلەر نىسبەتەن ئازراق. ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ خىزمەت ئىشلەش سالمىقى كەمچىل، ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەرباپلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەس بولىۋاتىدۇ. بەشىنچى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىش كەمچىل. مەركەز ۋە يەرلىك پارتكوملارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن نىسبەتەن ۋەزنى بار سىياسىي تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلىيەلمەيۋاتىدۇ. ئالتىنچى، بەزى جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدا خىزمەت ئىقتىدارى كەمچىل ۋە خادىملار ئاز، خىزمەت ئىشلەش ئاكتىپچانلىقى يېتەرسىز بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت، خىزمەتكە كىرىشەلمەسلىك، گەپ قىلالماسلىق ھادىسىسى كۆرۈلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى لازىم.

**3. بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە بولغان پىكىر**

1) ئاز سانلىق كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئەڭ مۇھىمى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. تونۇشنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتەرگەندىلا، ئاندىن ئىدىيە جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرگىلى، خىزمەتنى توغرا ئورۇنغا قويغىلى، تەدبىر - ئۇسۇللارنى يۇرۇشلەشتۈرگىلى بولىدۇ. 1993 - يىلىدىكى سۆھبەت يىغىنىدىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتىرىلدى، ئەمما تونۇش يەنىلا تەكشى ئەمەس، خىزمەت تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس. مېنىڭچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تەكىتلەپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تارماقلار ئىدىيە جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى — «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئامان - ئېسەن بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش» دەپ ھەقىقىي تونىسىلا، ئاندىن بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ياخشى ئىدىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

2) يېڭى بىر خىل ئىلمىي ئۇسۇلدا ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزىمىنى، ئادەم ئىشلىتىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ مەنبەسىنى تولۇقلاش ۋە ئۈزلۈكسىز زورايتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتكە قارىتا، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە پىلانلاش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش،

ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنى نۇقتىلىق تۇتىشىمىز كېرەك، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، بازار ئىگىلىكى جىددى ئېھتىياجلىق بولغان ئۈچ قوشۇن قۇرۇلۇشى (بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونى يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى؛ ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت ياش كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى؛ ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلار ۋە پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى) نى چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك. مۇشۇ ئۈچ قوشۇن قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلسا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ مەنبەسى تولۇقلىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى زورىيىدۇ.

3) تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە قۇرۇلمىنى ياخشىلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

① ھازىرقى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىغا بولغان سىياسىي نەزەرىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئەڭ مۇھىمى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كېرەك.» بۇ سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي قاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، سىياسىي سەزگۈرلۈك قاتارلىق جەھەتلەردە كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش كېرەك، بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارنى بىلىملىك، كەسىپكە پىشىق، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلەيدىغان قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزىم قۇرۇش يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان لاياقەتلىك رەھبەر قىلىش، دېگەنلىك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىغان قارىغاندا، ئاساسلىق مەسىلە — قانداق قىلىپ، ئەسلىدىكى ئاساستا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېخىمۇ ياخشى ھالدا سىياسىي جەھەتتىن ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلالايدىغان، مەسىلىلەرنى تونۇيالايدىغان قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋە توپ پىرىنسىپىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكنى ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش، بۇ ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇستەھكەم سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

② ئىش ئورنى خىزمەت مەجبۇرىيىتى، كەسپىي سەۋىيە ۋە ئوقۇش تارىخى جەھەتتىكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر بار بولغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ رولىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت شۆيۈەن - مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتۇش شارائىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېھتىياجلىق بولغان پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىگىلەشكە، ئىش ئورنى مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك كەسپىي بىلىم ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىگىلەشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش

كېرەك. تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىملىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئالىي مائارىپ دەرسلىكىنى ئۆگىنىشىنى قوللاش؛ ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسى ياكى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

③ ۋەزىپىگە قويۇپ (ئاساسىي قاتلاملاردا) چېنىقتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى تەشكىلات، بىرلىكسەپ تارماقلىرىغا داۋاملىق ماسلىشىپ، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار ۋە ئۆلكىگە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلار ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىزمەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە قېزىشقا تېگىشلىك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. بىز ھەر قايسى جايلارنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كۆلەمنى كېڭەيتىپ، بۇ خىزمەتنى تۈگۈن قىلغان ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسات، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ۋە ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ پەرقىنى قەدەممۇ قەدەم كىچىكلىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

④ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا زور كۈچ سەرپ قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر تەرەپتىن، كەڭ كۆلەمدە مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن، تالانتلىق خادىملارنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4) تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات تېمىسىنى تەسىس قىلىش كېرەك. ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا كۆڭلىدە سان بولۇشى كېرەك. كۆڭۈلدە سان بولغاندىلا، تولۇق ۋاقىت ئاجرىتىپ مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. بىز بۇندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلات بۆلۈملىرىگە ياردەملىشىپ يىلدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا مۇناسىپ تەدبىر ۋە كونكرېت لايىھەلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ رەھبەرلەر ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. ئەگەر بايقالغان ئەھۋاللار توغرا، قوللانغان تەدبىرلەر مۇۋاپىق بولسا، رەھبەرلەر چوقۇم بىزنى قوللايدۇ.

5) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر

ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت گېزىت - ژۇرناللىرىدىن، تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ۋە جامائەت پىكرى بازىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەرباپلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا دىققەت قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار تىپلارنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرلەش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاڭلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئۇچرىشىشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم ئەرباپلار ۋە خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى يىغىپ رەتلەپ ۋە ئىگىلەپ، تەشكىلات بۆلۈملىرىگە ھەمكارلىشىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارخىپ ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئىختىساس ئىگىلىرى ئۇچۇر تورىنى شەكىللەندۈرۈشى، ھەمدە پىلانلىق ھالدا ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىپ يېتىلىش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ چۈشىنىپ، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشكە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساسىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

6) ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتى، ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپە — ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى ۋە كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىلى بىلەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەربىر تەدبىر ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ كونكرېت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى خىزمەت نەتىجىلىرىنى يارىتىشىمىز كېرەك. بۇ يىل باھار پەسلىدە، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان تارماقلاردىكى يولداشلارغا قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەردە مەن يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى نۇقتىسىدىن بىر نەچچە نۇقتىنى يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1. مەجبۇرىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورنى قانداق قويۇلىشى كېرەك؟ يولداش خۇجىنتاۋ 1993 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا، بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق سۆزلىدى. بۇ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «3 نى بېكىتىش» لايىھىسىدە ئېنىق بەلگىلەندى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ

كادىرلار سىياستى ۋە مىللەتلەر سىياستىگە ئاساسەن، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا خىزمەت ئىشلەش؛ ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى سىياسىي خاراكتېرلىك تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلەش؛ ئۈچىنچى، تەشكىلات بۆلۈمى تارمىقىغا ھەمكارلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپ كارتوچكىسىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر يىلى بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەشكىلات بۆلۈملىرىگە كۆرسىتىپ بېرىش؛ تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە خادىملار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش؛ بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتەپلىرى تەشكىللىگەن كادىرلار كۇرسىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىش، ھەمدە ھازىر بار بولغان شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ياكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قىلىپ تەشكىللەش؛ ئالتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرى بىرلىكتە تەشكىللىگەن كادىر ئالماشتۇرۇش ۋە ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا كۆرسىتىپ بېرىش؛ يەتتىنچى، ئۆز ئورنى، ئۆز سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ياكى تەڭ دەرىجىلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىغا ئەۋەتىپ ئالماشتۇرۇش ۋە ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا كۆرسىتىپ بېرىش؛ سەككىزىنچى، تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش؛ توققۇزىنچى، تەشكىلات بۆلۈمىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان تارماقلاردا، تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ۋە مىللىي يېزا - بازارلاردا مەلۇم نىسبەتتە ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى قويۇش تەكلىپىنى بېرىش. شۇڭا مەجبۇرىيەتنى ئېنىق تونۇش، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى تۇتۇشتا بۇ خىزمەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويسا بولمايدۇ. بىز ھەم ئۆز ئورنىمىزنى خاتا ئورۇنغا قويماسلىقىمىز ھەم ئۇتۇق قازانماي قالماسلىقىمىز كېرەك.

2. مەجبۇرىيەت ۋە ئورۇن ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، خىزمەتلەرنى قانداق تۇتۇش كېرەك؟ بىرىنچى، پىلانلىق ۋە ئۆلچەملىك خىزمەت ئىشلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشتا قارىغۇلارچە ئىشلەش ۋە قول ئۈچىدا ئىشلەش ئىدىيىسىنى يېڭىپ، قىسقا مۇددەتلىك ۋە بىر دەملىك ھەرىكەتتىن ساقلىنىشى كېرەك، چوقۇم ئۇلاردا ياخشى بىر خىزمەت پىلانى ۋە كونكرېت يىللىق ئايلانما پىلان بولۇشى كېرەك. بۇ پىلانلار مەركەزدىكى 3 بۆلۈم، كومىتېت بېكىتكەن «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە يەرلىكنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىشى، ھەم ئۇنىڭدىن ئاجرىلىپ كەتمەسلىكى، ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى ئالماسلىقى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرى خىزمىتىگە قاتنىشىشىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، نىشانى ۋە ۋەزىپىسىگە قارىتا، ھەر يىلى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يەكۈنلەش ۋە دوكلات قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە قاتنىشىش سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىختىيارى قاتنىشىش ۋە زورمۇ - زور قاتنىشىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى كۈچەيتىش، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يوللارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. شارائىت يارىتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ساقلىماي، تايىنىۋالماي ئالدى بىلەن ئىشلەش كېرەك، ياخشى ئىشلىگەندىلا باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يولداش خۇجىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەممىلا ئىشتا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ساقلاش، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىش، تەييارغا ھەييار بولۇش بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىستىل ئەمەس. بۇنىڭغا گۇيجۇ ئاچقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار مەكتىپى ناھايىتى گەۋدىلىك بىر مىسال بولالايدۇ، ئۇلار بۇ مەكتەپنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ قۇرۇپ چىققان. كۆپچىلىكنىڭ روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز جايىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجاتچانلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش، تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بولغان ماسلىشىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تارماقلىرى چېتىلىدىغان خىزمەت دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، يالغۇز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىغا تايىنىپ خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن. شۇڭا، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، كۆپرەك مېڭە ئىشلىتىپ كۆپرەك ئامال - چارە ئىزدەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

1993 - يىللىق سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى جەھەتتە، ھەرىكەت تېز، داغدۇغا چوڭ، ئۈنۈم ياخشى بولدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب — ھەر قايسى رايون، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولدى. تۆتىنچى، خىزمەت ئىشلەشتە خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن قىيىن نۇقتىلارنى بۆلۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قىيىن نۇقتىلارنى تۇتۇش دېگەنلىك — ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى ياخشىلاش ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۈچ سەرپ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇش كېرەك دېگەنلىك. قىيىن نۇقتىلارنى تۇتۇش دېگەنلىك — خىزمەت ئۇسۇلىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە بولغان خىراجەت سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش. خىزمەت شارائىتىنى پەيدىن پەي ياخشىلاش، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، دېگەنلىك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىشتا، ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا غەيرەتكە كېلىپ ئەمەلىي ئىش قىلىش. ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قايسى ئورۇن خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىگەن بولسا، شۇ ئورۇن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئامما ۋە رەھبەرلەر رازى بولدى.

(ئاخىرى 36 - بەتتە)

# دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن خۇلاسە سۆز


لى جيەنخۇي


1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

يولداشلار:

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۈگۈن ئاخىرلىشىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىن ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى، يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە غەلىبىلىك بولدى.

ئىككى كۈندىن بۇيان، 7 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن يولداشلار ۋە ئازاتلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمدىن كەلگەن يولداشلار يىغىندا، مەخسۇس تېمىدا ئالاقىدار تەجرىبىلەرنى چۈشەندۈردى، يىغىنغا قاتناشقان باشقا يولداشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۇرۇپپا يىغىنىدا ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ تەجرىبىلىرىنى چۈشەندۈردى؛ يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار يىغىنغا يازما خىزمەت ماتېرىيالىنى سۇندى ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يىغىندىن كېيىن بۇ ماتېرىياللارنى تەھرىرلەپ قوللانما قىلىپ چىقىرىشنى ئويلىشىمىز. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ستراتېگىيە ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھىلەپ ئۆتتى. نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدىكى يېڭى ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، ھەر قايسى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئالاقىدار مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق

مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىش ۋە چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى. كادىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يولداش تەۋەككۇل «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەدبىرلەرنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ئالاقىدار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلدى، ھەمدە بۇندىن كېيىنكى تەدبىرلەرنى ياخشىلاشنى ۋە كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ رىغبەتلەندى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. يولداشلار بىردەك: بۇ قېتىمقى يىغىن بىر قېتىملىق ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، كۆپچىلىكنى تولۇق غەيرەتكە كەلتۈرۈش يىغىنى، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنى بولدى، يىغىن دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى، دەپ قارىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**بۇ بىر قېتىملىق پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنى بولدى.**

1993 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى پۈتۈن دۆلەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېچىلدى، ئۇ بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىدىكى كونكرېت تەدبىر. بۇ يىغىن ئارقىلىق، بىزدە يېقىنقى يىللاردىكى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا، قانداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش،

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چۈشۈنۈش ۋە تەدبىقلاش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا قارىتا، بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇش ھاسىل بولدى. بۇ بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىكى ئاساسلىق تەجرىبىلەر بىر قەدەر سىستېمىلىق خۇلاسىلانغان يىغىن بولدى.

3 يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار قېرىنداش تارماقلار مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بىر قېتىم باسقۇچلۇق خۇلاسىلاش خىزمىتىنى ئىشلەش، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. كۆپچىلىك بىردەك: يولداش چېن خوڭ، يولداش تەۋەككۇلنىڭ سۆزى ۋە دوكلاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە جۇڭگو سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەدبىقلاندى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، تارىخنى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھازىرقى ئەھۋالنى تەرەققىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ۋە ئالاقىدار پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇش نەزەرىيىسى چوڭقۇر بايان قىلىندى، نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىندى، ئالاقىدار تەجرىبە ۋە تەسىراتلار يەكۈنلەندى ۋە چۈشەندۈرۈلدى، كىشىلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە بىردەك كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلدى، ھەمدە بىزگە قارىتا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشىلاش توغرىلىق كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دەپ قارىدى. بۇ تەجرىبىلەر ۋە مەزمۇنلار ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلدى، ئۇنى ھەر مىللەت كەڭ كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە قان تەرى ئارقىلىق ئورتاق بەرپا قىلدى. ئەلۋەتتە، تەجرىبىلەر يەنە خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز بېيىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

**— بۇ بىر قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسى دائىرىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇلغان يىغىن بولدى.**

بۇ قېتىمقى يىغىندا 7 ئورۇننىڭ ۋەكىلى ۋە ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ۋەكىلى ئۆز تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، تېخىمۇ كۆپ يولداشلار گۇرۇپپا يىغىنىدا تەجرىبە ئالماشتۇردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەردىكى يولداشلار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ئالماشتۇردى، مەسلىھەتلەشتى ۋە يەكۈنلىدى. شۇڭا بۇ يىغىن ناھايىتى تەستە قولغا كەلگەن، شۇنداقلا بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى كاتتا بىر ئىش. كۆپچىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون،

تارقاق، ئاربلاش ئولتۇراقلاشقان رايونغىچە، يېزا ـ كەنتتىن شەھەرگىچە، فونكسىسنىيلىك تارماقتىن ئالاقىدار تارماقلارغىچە، ئىدىيىۋى تونۇشتىن خىزمەت تەدبىرلىرىگىچە ئوخشاش بولمىغان تەرەپ ۋە نۇقتىدىن ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى. تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. بەزى تەجرىبىلەرنىڭ يولى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇنىمىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقىغا قارىتا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. مەسىلەن: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە سىياسىي خاراكتېرلىك مايىللىقنى يولغا قويۇشى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي شەرتى؛ ستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇش، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى؛ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلامچى بولۇشى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىششى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەشكىلى كاپالىتى؛ كۆپ خىل يول ۋە كۆپ قاتلاملىق تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى؛ تۇرلۇك ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرى ۋە تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەنبەسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم بازىسى؛ تۇزۇمنى كۇچەيتىش ۋە ئۆلچەملىك تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش — بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە كۇچلۇك ۋاستىسى، ۋاھاكازالار. بۇ مەزمۇنلارنىڭ كەڭ كۆلەملىكلىكى، تونۇشنىڭ دەۋر خاراكتېرىگە، تەجرىبىلەرنىڭ تىپىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى بۇ قېتىمقى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلدى. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا چۈشۈنىشىنى كۇچەيتتى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۇردى، ھەمدە ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكنى تۇگىتىشكە، ئۆز ئارا ئۆگىنىشكە، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق بولدى، خىزمەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇردى. بۇ قېتىمقى ئالماشتۇرۇش يالغۇز ئىلگىرىكى خىزمەتلەرنى قىسقىچە ئەسلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە بولغان چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان پائال ئىزدىنىش. بۇ بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىمىزدە مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

**— بۇ بىر قېتىملىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ۋەزىيىتىنى بىرقەدەر ئىلمىي ئۇسۇلدا سىستېمىلىق تەھلىل قىلغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان يىغىن بولدى.**

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دەپ قارىدى: نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۇچكە تولۇپ، كىشلەرنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىمەكتە، رىغبەتلەندۇرمەكتە. بىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە پۇرسەت بىلەن رىقابەت، ئەۋزەللىك بىلەن قىيىنچىلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. كادىرلار خىزمىتى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئاساسى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشىدىكى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. ھازىر ھەرساھە، ھەر كەسىپ، ھەر قايسى سەپلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، بىز چوقۇم پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى كۇزىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مەركەزنىڭ

كادىرلار خىزمىتىگە قويغان تەلىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۈچ مىنىستىرلىك، كومىتېت تارقاتقان «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نىڭ تەلىپى بويىچە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئىرادىمىزنى ۋە ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتتى.

**— بۇ بىر قېتىملىق ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازات قىلىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلغان يىغىن بولدى.**

پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى، 14 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىزچىللىشىشى، 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ۋە بۇ قېتىمقى ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، يەنە بىر قېتىم بىزگە ئىنتايىن مۇھىم يولنى كۆرسىتىپ بەردى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، چوقۇم ئىدىيىنى ئازات قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، روھنى ئۇرغۇتۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. نۇرغۇن يولداشلار ئۆز سۆزلىرىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، ئىدىيىدىكى يېڭى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پايدىسىز بولغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. نۇرغۇن رايونلاردىن كەلگەن يولداشلار قېرىنداش رايونلارنىڭ خىزمىتىدىن ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان پەرق ۋە بۇ پەرقنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنى كۆرۈپ، بۇندىن كېيىنكى يۆنىلىش ۋە ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى سەھىپە ئېچىشقا ئىرادە باغلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن كەلگەن يولداشلار ۋە كومىتېتىغا قاراشلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر شۆيۈەن مەكتەپلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن باشقا، يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە ئازاتلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆسى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك ئورگانلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى، بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە مۇھىم شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، كۆپچىلىك ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشكە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشكە، ھەممە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلىدى.

بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىندا قولغا كەلگەن ھاسىلات، مۇقەررەر ھالدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەمەلىي خىزمىتىمىزنىڭ مول نەتىجىلىرىگە ئايلىنىدۇ.

كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت توغرىسىدا، يولداش چېن خۇڭ ۋە يولداش تەۋەككۇل ئۆز

سۆزى ۋە دوكلاتىدا ھەر قايسى جەھەتلەردىن تولۇق سۆزلىدى، مەن پەقەت يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر نەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن، ھەمدە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن ۋە قوشۇمچە قىلىمەن.

**1. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەجرىبىلىرىدىن پائال ئۆلگە ئېلىش ۋە ئۇنى پائال ئىشلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش**

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىدى — تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش. تەجرىبىلەرنى توپلاش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىشتە مۇھىم يول ۋە ۋاسىتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىش ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پەيدىن پەي شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. تارىخىي تەجرىبىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ تەجرىبىلەر ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىنقىلاب قىلىش، قۇرۇلۇش قىلىشتا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىيات ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىمىز دەيدىكەنمىز. چوقۇم قېرىنداش رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ ياخشى تەجرىبە، ئۇسۇللىرىدىن ئۆلگە ئېلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. باشقىلار ئەمگەك ئارقىلىق توپلىغان تەجرىبىلەر بىزنى ئويغىتىدۇ، بىزنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ، بىزنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قايسى رايونلار ۋە ھەر قايسى تارماقلار ھاسىل قىلغان تەجرىبىلەر مول ھەم قىممەتلىك. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى، ھەربىر ھالقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ھاسىل قىلغان تەجرىبىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ھەر قايسى تۈر، نۇرغۇن رايون ۋە ئالاقىدار تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار بۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە قوللىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىۋېلىشى، ئۇنى جانلىق قوللىنىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆز جايى، ئۆز ئورنىدا نەتىجە يارىتىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ يېرى كەڭ، مىللەت تەركىبى كۆپ، ئەھۋالى ۋە شارائىتىدا پەرق زور. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشتە ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ مۇۋاپىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يىغىندا تەجرىبە ئالماشتۇرغاندا، ھەر قايسى جايلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەكۈنلىدى، مېنىڭچە بۇ خىل يەكۈنلەش تېخى دەسلەپكى قەدەمدىكى يەكۈنلەش ھېسابلىنىدۇ. جايلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىمۇ

چوڭقۇر، ئېخىمۇ سىستېمىلىق يەكۇنلەش كېرەك. بەزى رايونلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئەستايىدىل دوكلات قىلماقچى بولدى. ھەممە 1993 - يىلى مەركەزدىكى 3 مىنىستىرلىك، كومىتېت بىرلىكتە ئاچقان سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز رايونىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل قاراش ناھايىتى ياخشى. جايلار بۇ قېتىمقى يىغىندا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى بۇندىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە گەۋدىلەندۈرۈشى، ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

**ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازات قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش**

بىز مۇھىم بىر بۇرۇلۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى بۇ ئۇلۇغ دەۋرگە ماسلاشتۇرۇشقا، ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەزىپە بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت بىزگە ئىدىيىنىڭ ئازات قىلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە خىزمەت ئۈنۈمىگىمۇ بىۋاسىتە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەت يەنە بىزگە: ئىدىيىنى ئازات قىلىشنىڭ چەك - چېگرىسى يوقلىقىنى، ئەھۋالنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، يېڭى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىدىيىنى ئۈزلۈكسىز ئازات قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيىنى ئازات قىلىش ۋە كۆز قارىشنى يېڭىلاشقا ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ناھايىتى زۆرۈر. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىك ۋە بەزى مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدىيىمىزنىڭ دېگەندەك ئازات بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيىنى ئازات قىلىش يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي بىر ۋەزىپە، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئىنتايىن مۇھىم شەرتى. ئىدىيىنى ئازات قىلىش بىزدىن خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىسىز بولغان ھەرخىل كۆز قاراشلارنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بىز مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، خىزمەت مەزمۇنى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ۋاستىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى يول ۋە يېڭى ھەرىكەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىدىيىنى ئازات قىلىشتا پاسسىپلىق، بوشاڭلىق، ئۇتتۇق قازانماسلىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىش كېرەك، جۇش ئۇرۇپ ئىلگىرىلەش روھىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئەستايىدىل چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ھەقىقى ئەھۋالنى ئىگىلەپ، پائال تەشەببۇسكار ھالدا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۈگۈنكىدەك نەتىجە يارىتالايدىغان دەۋردە زور تۆھپە يارىتىش كېرەك.

**3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى قانداق**

## كۆچەيتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدبىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشتە پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەمەلىي رولى ۋە تارىخىي رولى، ئۇنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دەيمىز. ئەمما، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە تەبىئىي شارائىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيىنىڭ مۇناسىپ ئارقىدا قېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر، ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، خەنزۇلار رايونىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق ۋە تېخىمۇ جاپالىق ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى داۋاملىق چوڭىيىدۇ؛ بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، جۈملىدىن ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۆنىلىشىنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ بېكىتىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان زىددىيەت؛ ئادىل رىقابەتلىشىشنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە بولغان زەربىسى؛ مىللىي پىسخىك ۋە دىنىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە مىللىي زىددىيەت ۋە سۈركۈلۈشنى كۆپەيتىۋېتىشى مۇمكىن. ۋاھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىدە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك تەسىرلەرگە قارىتا ئېنىق بىر تونۇش بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بازار ئىگىلىكىنىڭ كۆپ مەنبەلىك خاراكتېرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق خاراكتېرىنى بەلگىلىدى. بازار ئىگىلىكى بىر خىل كۆپ مەنبەلىك (كۆپ قۇتۇپلۇق) خاراكتېرگە ئىگە ئىگىلىك. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، غەيرىي جامائەت مۈلۈكچىلىكى ئىگىلىكى ۋە يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك، چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلما شەكلىدىن ئىبارەت. مەلۇم مەزگىل ئىچىدە، بۇ خىل ئىگىلىك مۇقەررەر ھالدا دۆلەت مەنپەئەتى ياكى كوللېكتىپ مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تەبىئىي ھالدا ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونى بىلەن خەنزۇ مىللىتى

ۋە ئىچكىرىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا توغرا تونۇش بولۇشنى ۋە بۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان مەلۇم ساپا ۋە ئىقتىدار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى تۈگۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولسا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تۇتاشتۇرۇشىدىكى كۆۋرۈك. ئۇلار ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرغىلى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى ۋە ئومۇمىي نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تېخىمۇ ياخشى سەپەرۋەر قىلغىلى ۋە تەشكىللىگىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ بۇ خىل ئورنى ۋە رولىنى خەنزۇ كادىرلار دەسسىيەلمەيدۇ ۋە ئۆتىيەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز، ئوخشاش بولمىغان تۈر ۋە ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە قارىتا، ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان چارىلەرنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك.

بازار ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت خاراكتېرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك خاراكتېرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىقتىسات ۋە پەن - تېخنىكا كۈچىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈندىن كۈنگە كەسكىنلەشمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل رىقابەت، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سان ۋە سۈپەت رىقابىتىدە زور دەرىجىدە بەلگىلىنىدۇ، بولۇپمۇ رەھبىرى خادىملارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىنىڭ كۈچ سىنىشىشىدا بەلگىلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى پەيدىن پەي كىچىكلىتىش ۋە ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ ئوخشاشلا زور دەرىجىدە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سان ۋە سۈپەت رىقابىتىگە باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ، بولۇپمۇ رەھبىرى خادىملارنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. رىقابەتتە مۇھىم بىر ئۆلچەم بار، ئۇ بولسىمۇ ئەلالىرىنى تاللىۋېلىپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىشتىن ئىبارەت. ئىقتىسات ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئىقتىسات ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىش ۋە ماددى بايلىقنى كۆپەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما جەمئىيەت ئىلمى نۇقتىسىدىن ۋە كادىرلار خىزمىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، رەھبەرلىك خىزمىتىمىز ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىمىزگە قارىتا يەنە يېڭى تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل شارائىتتىكى رىقابەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشلىتىشتە يەككە - يىگانە ھالدا «ئەلالىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش» ياكى «كۈچلۈكلىرىنى تاللاپ، ئاجىزلىرىنى شاللىۋېتىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ھەمكارلىشىش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، مۇۋاپىق ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزىمىنى قۇرۇش ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش شەرتى ئاستىدا، پارتىيە ئىزچىل چىڭ

تۇرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېچىۋېتىش خاراكتېرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە مۇرەككەپلىك ئېلىپ كەلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى بىر تۇرلۇك مۇقىم تۈپ دۆلەت سىياسىتى قىلدى، ھەمدە ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي يەنىمۇ كەڭ يولغا قويىۋاتىدۇ. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ كىشىلەر ئىدىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ مۇقەررەر ھالدا كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى، ئىلغار باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ كىرگۈزۈلىشىگە ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ بەزى چىرىك نەرسىلىرىمۇ خۇددى چاڭ - توزاڭ، مىكروپ ۋە چىۋىنگە ئوخشاش سىڭىپ كىرىپ، دۆلىتىمىزدىكى خەلقنى ۋە پارتىيىمىز كادىرلىرىنىڭ ساغلام تېنىنى چىرىتىشكە باشلىدى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يولداشلار خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئېلىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ياردەم بېرىپ، بىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۇنۇملۇك توسىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش، جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەق - ناھەقنى ئايرىش - ئايرىۋالالماسلىق، ياخشى - يامىنىنى پەرقلەندۈرۈش — پەرقلەندۈرەلمەسلىــــك، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش - تۇرالماسلىق، پاكلىقنى ساقلاش - ساقلىيالماسلىق ھەربىر كادىرنى ئۆلچەشتىكى تۈپ سىناق قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز زور كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ باشلامچىلىق رولىنــى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، توغرا ئىستىلىنى تەكىتلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆز قاراش ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ھەر مىللەت كادىرلىرىنى چىرىك ئىدىيە ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك توغدۇرىشىغا قارشى تۇرىدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

بازار ئىگىلىكىنىڭ پايدىغا يۈزلىنىش خاراكتېرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەكىتلەش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بازار - ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان سورۇن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپى - تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت، ئالماشتۇرۇش قىممەت يارىتىشى، تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنى يارىتىشى، ئىمكان قەدەر كۆپرەك پايدىغا ئىگە قىلىشى كېرەك. بىراق، ھازىر بەزى كىشىلەر بازار ئىگىلىكىنىڭ بۇ خىل پايدىغا يۈزلىنىش خاراكتېرىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈپ، ھەممىدە «پۇل»غا قارايدىغان ۋە ھەممىدە «پۇل»نى چۆرىدەپ، پۇلغا چوقۇنىدىغان بولۇپ قالدى. تېخىمۇ يامىنى، بەزى پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، بازار ئىگىلىكى پىرىنسىپىنى پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشقا سۆرەپ ئەكىرىپ، پۇل — ھوقۇق سودىسى قىلىۋاتىدۇ، پۇل قاتارلىق ماددىي مەنپەئەتكە بازاردا يوق نەرسىلەرنى، يەنى مەرتىــۋە، ئابروي قاتارلىــــق نەرسىــــلەرنــــى ئالماشتۇرىۋاتىدۇ. ھەتتا يەنە ئەمەلدارلارنى سېتىۋالىدىغان، ئەمەلدارلارنى ئالدايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا

قول قاتتىق بولۇش» دېگەن فاكتېنى بويىچە، پۈلغا چوقۇنىشنى بىرخىل چىرىك ئىدىيە ۋە چىرىك ھەرىكەت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىشىمىز ۋە ئۇنى تازىلىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ئىشەنچ تەربىيىسىنى چىڭ تۇتىشىمىز، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتىشىمىز، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىساتچىل، تىجەشلىك بولۇش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتىشىمىز، ئىنتىزام ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسى ۋە پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتىرىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى كۈچلۈك روھىي كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

**4. يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكىسسىيىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش**

خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەشيىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى پىلانىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلىشىغا ئەگىشىپ، بىز تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتىمۇ چوڭقۇر ئۆزگۈرۈش بولىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىمىزگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما مەيلى قانچىلىك ئۆزگۈرۈش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى كۈچەيتىلىشى، ئاجىزلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك. يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتىكى نىشان ۋە ۋەزىپە ئۆزگەرمەيدۇ، بۇنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ۋە پارتىيە ئومۇمىي خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. بىز مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى فۇنكىسسىيىلىك تارمىقى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ. ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا فۇنكىسسىيىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز، ئىدىيە، نەزەرىيە، تەشكىلات، ئىستىل قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرنى يۇقىرى كۆتىرىشىمىز كېرەك. ھەر قايسى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى، خىزمەت مۇھىتى، خىزمەت شارائىتى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق، كۈچلۈك، يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت شۆبىسى — مەكتەپلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنى بىۋاستە تەربىيىلەپ چىقىدىغان ئورۇن. شۇڭا، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسىپ قۇرۇلۇشىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشى كېرەك. بىز ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى

تەكشۈرۈشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسى بىلەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى تېمىلارنى تەتقىق قىلىشىمىز، جانلىق، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمىزدا ئالدى بىلەن چوقۇم يۇقىرى ساپا ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيۋى، كەسپىي ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ھەر قايسى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىغىلا تايىنىپ يەككە ھالدا خىزمەت ئىشلىگەندە، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، بىز ئالاقىدار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز ئازاتلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قاتارلىق تەرەپلەر بىلەن پائال ماسلىشىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قاتنىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. يولداش ماۋزېدۇڭ: خەلق ئارمىيىسى چوڭ مەكتەپ، دېگەنىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى پارتىيە ۋە دۆلەتكە نەچچە ئەۋلاد زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي، تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە پائال ياردەم بەرگەنلىكى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ مۇلازىمەت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى فۇنكسىيىلىك تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىش خىزمىتىدە، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى تارماقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ماسلىشىش ئىقتىدارى بولۇش، چۈشۈنۈشلۈك چارە - ئامىللارنى ئويلىيالايدىغان بولۇش، قىممەتلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇش، ھەقىقى يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقالايدىغان بولۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە، بىر نەچچە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىدار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، باشقا رايونلارنىڭمۇ ياخشى تەجرىبىلىرى بار، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئارا ئۆگىنىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز، ۋە ئۈنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىشىمىز كېرەك.

**5. كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە پىلانلاش، ھەقىقى ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش**

كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا، يولداش چېن خوڭ ۋە تەۋەككۈل ئۆزلىرىنىڭ دوكلاتى ۋە سۆزىدە ناھايىتى ئېنىق سۆزلىدى، يولداشلارنىڭ ئۆز جايىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز رايونلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردە مەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى تەكىتلەپ قويۇشنى توغرا تاپتىم.

بىرىنچى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاش، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئىنتايىن جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى چوقۇم سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىشى، تۈپ ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك. سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىز ئىزچىل تەكىتلەۋاتقان ۋە كادىرلارنىڭ لاياقەتلىك - لاياقەتسىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان پىرىنسىپ ئۆلچىمى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىشتە، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەن، فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، جاندىل بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتا، ھەم دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئويلىشى ھەم ئۆز جايىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تولۇق ئويلىشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئېھتىياج ۋە ئېھتىماللىققا ئاساسەن، يەرلىكتىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، خىزمەتتە مەشغۇلاتچانلىققا ئېتىبار بېرىش، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە پىلانلاش ئەمەلىيرەك بولۇشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە بىر نەچچە ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، چوڭ گەپ ۋە قۇرۇق گەپ قىلىشتىن ساقلىنىش، بىر مەھەل يۈزەكى ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك.

بىز دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسى بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، جايلاردىكى ھەر قايسى تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، يىغىندا يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان ئالاقىدار پىكىر - تەكلىپلەرنى يەنىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تىرىشىپ ماسلىشىشنى كۈچەيتىمىز.

ئومۇمەن، بۇ قېتىمقى يىغىن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئازاتلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۇسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك، غەلىبىلىك ئېچىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بىڭتۈەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىگە، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلغان يولداشلارغا يەنە بىر قېتىم چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

يىغىنغا قاتناشقان ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلارنىڭ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىز كادىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ سالىمىنى ئۆز ئورنىدىكى بارلىق يولداشلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى سورايمىز.

يولداشلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

(بېشى 22 - بەتتە)

يولداشلار، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. 9 - بەشيىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى پىلانىنىڭ يولغا قويۇلىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىل 9 - بەشيىللىق پىلان يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل، بىز ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەسىپچانلىق روھى بىلەن، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۇرلۇك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىشىمىز كېرەك.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق 1997 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

جۇشېڭتاۋ

(1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى يىغىنى ناھايىتى ۋاقتىدا ئېچىلدى، بۇ يىغىننى ئېچىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بايا، مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا بىلەن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش راخمان مەسۇم سۆز قىلىپ، بولتۇرقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، بۇ يىللىق ھەج خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى پارتىيىمىز دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا بولغان غەمخورلۇقى. بۇ خىزمەت سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇلىدىغان خىزمەت، شۇڭا ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتىكى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ھەج تاۋاپ قىلىش ئاممىۋى دىنىي پائالىيەت بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە تاشقى ئىشلارغا چېتىلىدىغان پائالىيەت. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئاپتونوم رايونىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئاۋاتلاشتۇرۇش، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادا ئېلىمىزنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قايسى ھالقىدا سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ھەمدە بۇ خىزمەتكە ئالاقىدار بارلىق تارماقلاردىكى يولداشلار يولداش جياڭ زېمىننىڭ «مىللەتلەر - دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق» دېگەن سۆزىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، بۇنىڭغا ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە جەھەتتىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، 1997 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ خىزمەت ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر چوڭ ئىش، شۇڭا ئۇنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك، ھەر قانداق مەسىلىنىڭ كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ مەن

سۆزلىمەكچى بولغان بىرىنچى مەسىلە.

2. ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى چوقۇم قاتتىق ئىگىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىسە، ئائىلە مۈلكىنى سېتىپ ياكى ئۆرۈق - تۇغقان، ئەل ئاغىنىلىرىدىن ئىئانە توپلاپ ھەجگە بارماقچى بولغانلارنى ھەمدە سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە ۋە گۇۋاھنامىلاردا ساختىلىق قىلغانلارنى بىردەك تەستىقلىماسلىق، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە مەسىلىسى بارلارنى قەتئىي تەستىقلىماسلىق كېرەك. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىرلىكتە «ھەج قىلىش خىزمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىلللارنى چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ھەمدە ساھەلەردىكى ناتوغرا ئىستىلللارنى تۈزىتىش جەھەتلەردە كونكرېت بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق رولىنى ياخشى ئويناپ، تەستىق سالماسلىقى، يۈز - خاتىرە قىلماسلىقى، قالايمىقان ئارىلىشىپ ئېتىبار سان ئۆرۈنلاشتۇرماسلىقى كېرەك. بۇ يىل رەھبەرلىك تەستىق سېلىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشقا بېرىشىغا بولمايدۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ بېرىشىنى تەستىقلىشىغىمۇ بولمايدۇ. قالايمىقان تەستىق سېلىش ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى پاكلىققا ياتىدىغان مەسىلە. شۇڭا بۇ مەسىلىنى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ھەل قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئىلگىرىكى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەپ، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىپ، خىزمەت تەرتىپىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىشى كېرەك. بۇ ئۆتكەل ياخشى ئىگىلەنمىسە، پۈتكۈل ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قويايكى، قايسى دەرىجىلىكتە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھالقىسىدا مەسىلە كۆرۈلسە، كونكرېت خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان يولداشنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە رەھبىرىي يولداشنىڭ جاۋابكارلىقىمۇ سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنداق بىر تەرەپ قىلىش، قىلچىمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

3. كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللەپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇ مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرىدىن باشقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، بانكا، تاموژنا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق ئون نەچچە تارماق ۋە ئورۇننىڭ خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۇ خىزمەتتە تارماقلار ئۆز تارمىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى،

ئومۇملۇق قارىشىنى تىكلەپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، ھەج تاۋاپ قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە تەلەپكە ئاساسەن ئۆز تارمىقى ۋە ئورنىنىڭ پىلانىنى ياخشى تۈزۈش ئارقىلىق ھەربىر خىزمەت ھالقىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، تۈزۈملەشتۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. يولداش يۈسۈپ ئەيسا ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ھەم باشقۇرۇش خىزمىتى، ھەم مۇلازىمەت خىزمىتى، دەپ ناھايىتى ياخشى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ئالدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى ۋە چاكار بولۇش ئېڭىنى تىكلەپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ، قىزغىن، ئەتراپلىق ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ياخشى روھى قىياپىتىنى تولۇق نامايەن قىلىشى لازىم. ئەگەر قايسى ئورۇن ياكى شەخس بيۇكراتلىق، تۆرىچىلىك قىلىپ، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، مەسىلە سادىر قىلىپ، خىزمەتكە دەخلى يەتكۈزسە، چوقۇم مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم

4. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. بىر رەھبەرنى بۇ خىزمەتنى بىۋاستە تۇتۇشقا بېكىتىش لازىم، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇنى تۇتمىسا، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش قىيىنغا چۈشىدۇ. لېكىن، شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ خىزمەتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1995 - يىلدىكى «3 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» ۋە 1996 - يىلدىكى «16 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇل بولۇشى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار زىچ ھەمكارلىشىشى لازىم، كۆپ تەرەپ رەھبەرلىك قىلىش، كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇشقا بولمايدۇ، چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نورمال خىزمەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كىم ئاساسلىق باشقۇرسا، شۇ مەسئۇل بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەر ۋە مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى تارماقلىرى زور مەسىلىلەردە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى تارماقلىرى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پائال، ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە خىزمەتلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

يولداشلار، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، زىچ ماسلاشساقلا بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق 1997 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

يۇسۇپ ئەيسا

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

يولداشلار:

بۇ يىلقى ھەج تاۋاب قىلىش خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بايا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش راخمان مەسۇم بۇلتۇرقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. مېنىڭچە ئۇ ناھايىتى ئوبدان سۆزلىدى. ئۇ سۆزلىگەن بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى قوشۇلغان، جايلارنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئوبدان ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى مەن يەنە بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى 2 يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە بولغان ئاساسىي باھا

يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پائال ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەج تاۋاب قىلىش پائالىيىتىنىڭ رەھبەرلىكى بولغان ھالدا، تەشكىللىك ھەم پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقي كاپالەتلىك قىلىندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىزمەت يىلدىن - يىلغا ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھەر قايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش نەتىجىسى ۋە پارتىيىنىڭ دىني ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى، ياخشى خەلقئارا جامائەت پىكرى توپلاندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتقا بولغان تەسىرى كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىمۇ قاندۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، 2 مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىز يېقىنقى 2 يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە ئېلىمىزنىڭ جىددىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئالقىشىغا ھەم گوۋۇيۈەن

دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتتىن رازى، مۇسۇلمان ئامما خۇشال بولماقتا. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:

بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1995 - يىل ئاچقان دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىدا ھەج تاۋاپ قىلىش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى؛ 1996- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىدا يەنە ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىنىپ، بىر قاتار مۇھىم قارارلار چىقىرىلدى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ۋە رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۆزلىرى بىۋاستە دوكلات ئاڭلاپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىگە قارىتا، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق يوليورۇقلارنى بەردى.

ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى.

ئۈچىنچىدىن، بىرلىك سەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تاشقى ئىشلار، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تاموژنا، بانكا، سەھىيە كارانتىن، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك كارانتىنى، قوراللىق ساقچى، چېگرا مۇداپىئە تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، ھەربىر ھالقىدىكى خىزمەتنى ۋاقتىدا ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلدى.

تۆتىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە دائىر سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، تەربىيىلەشنى ۋە چەت ئەلدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپلىگەن جاپالىق ھەم ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

ئىلگىرىكى 2 يىللىق خىزمىتىمىزدە يەنە بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى، ئاساسلىقى مۇنۇلار: بەزى جايلاردا سان تەقسىماتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى يېتەرلىك بولمىدى، قالايمىقان تەستىق سېلىش، ئېتىبار بېرىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللار يەنىلا ساقلاندى؛ بەزى جايلاردا ئۆتكەلنى ئىگىلەش ئانچە قاتتىق بولمىغانلىقتىن، يېشى چوڭىيىپ كەتكەن، كېسىلى بار، ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش ئەھۋالى يەنىلا ساقلاندى؛ بەزى جايلار تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئانچە ئوبدان ئىشلەپ كېتەلمىگەچكە، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلاردا تاشقى ئىشلار، ساياھەت، سەھىيە ساۋاتى، ھەج تاۋاپ قىلىش ئاساسىي بىلىملىرى

كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللار يەنىلا ساقلاندى؛ بەزى جايلاردا كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇش، ھەممە ئادەم قول تىقىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكتىن، خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىش ئەھۋالى يەنىلا ساقلاندى. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى بىز بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە ئەستايىدىل تۈزىتىشىمىز لازىم.

2. بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەلەپ

(1) ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئاممىغا بولغان غەمخورلۇق ھېسابلىنىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىش ئاممىۋى خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەت بولۇپلا قالماستىن، چەتكە چېتىلىدىغان پائالىيەتتۇر. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنىڭدەك خەلقئارادا ئېلىمىزنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىدىغان ۋە تونۇيدىغانلا بولساق، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز.

(2) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ياخشى نەتىجە يارىتىش لازىم. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەم كونكرېت ئىشى كۆپ بولغان ئېغىر خىزمەت، شۇڭا بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىر تۇتاش تەشكىللەش كېرەك. يېقىنقى 2 يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشى ئىشلىنىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم: ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى مەسئۇل بولىدۇ. بۇ خىزمەتنى كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇشقا بولمايدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلار زىچ ماسلىشىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشنى ئۆز ئالدىغا تەشكىللىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى كۆپ تەرەپتىن رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى شارائىت يارىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «3 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىش بېجىرىشى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» ۋە 1996 - يىللىق «16 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش

خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە باشقۇرۇشى ۋە چىڭ، ئوبدان تۇتۇشى لازىم. بۇ يەردە مەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بىر مۇھىم فۇنكسىيىسى، شۇڭا بۇ تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى زور، ئۇلار چوقۇم فۇنكسىيىلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتنى ئەمەلىيەتچىل ۋە ئىجادىي ھالدا ئوبدان ئىشلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىزمەت بىرلىك سەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، تاشقى ئىشلار، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تاموژنا، بانكا، سەھىيە كارانتىن تارمىقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تارماقلارغا چېتىلىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، ھەربىر ھالقىدىكى خىزمەتنىڭ ۋاقتىدا ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەج تاۋاپ قىلىشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتى ھەم باشقۇرۇش خىزمىتى، ھەم مۇلازىمەت خىزمىتى، شۇڭا ئومۇمەن ھەج تاۋاپ قىلىشنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىدىغان تارماقلار ئاكتىپ ھەم قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاخىرغىچە مەسئۇل بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم.

(3) سان تەقسىماتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەج تاۋاپ قىلىش كۆلىمى يەنىلا بۇلتۇرقى كۆلەم بويىچە بولىدۇ. بىز يەنىلا بارلىق سانىنى جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشتە چىڭ تۇرىمىز. جايلاردىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىمۇ سانىنى ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشى كېرەك، زاپاس سان بىردەك قالدۇرۇلمايدۇ. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىرلىكتە «ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى توسۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، بۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار تەستىق سالماسلىقى، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىمۇ تەستىق سېلىنغان ئىلتىماسلارنى قوبۇل قىلماي، سانىنى قالپاق كىيگۈزۈپ چۈشۈرمەي، سانىنى ئاساسىي قاتلامغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى سان تەقسىماتىغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە نازارەت قىلىشى لازىم. ناتوغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سېزىلگەن ھامان، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

(4) تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىگىلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان سان بويىچە شەرتتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئادەم ۋە تۈرلەر بويىچە ئوبدان ئىشلەپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى چىڭىتىشى لازىم. ھەقىقەتەنمۇ سىياسىي شەرتى ياخشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى، يېشى تەلەپكە لايىق، سالامەتلىكى ياخشى، ئۆزى ئىلتىماس قىلغان مۇسۇلمانلارنى ھەج تاۋاپ قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، كومپارتىيە ئەزالىرى (ھەج تاۋاپ قىلىش مەقسەتتە پارتىيىدىن چېكىنگەنلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، دۆلەتنىڭ خىزمەتتىكى كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ھەج تاۋاپ قىلىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىلگىرى ھەج تاۋاپ قىلغان ياكى ھەج تاۋاپ قىلىش نامى بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلارنىمۇ بىردەك تەستىقلاشقا بولمايدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولغاچقا، ھەر قايسى تەرەپلەرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، پرىنسىپ جەھەتتە بىر ئائىلىدىن بىرلا ئادەمنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە ئىلتىماس قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغان ھەمدە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىشىلەرنى ئويلىشىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ۋاقتىدا ئوبدان بېجىرىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەريانىدا، تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى ھەربىر ئورۇن ۋە شەخس ھەربىر ھالقىدا ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى لازىم. خۇلاسە چىقارغاندا، ياخشىلارنى تەقدىرلەش، مەسىلە سادىر قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ئاممىغا ھەج تاۋاپ قىلىشتا قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەكلىكىنى ۋە قانداق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەريانىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز، كىمنىڭ بارىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ بارمايدىغانلىقىدىن ھەممە ئادەمنى خەۋەرلەندۈرۈشىمىز، بارغۇچىلارنى خوشال - خورام بارىدىغان، قالغۇچىلارنى خاتىرجەم قالىدىغان قىلىشىمىز لازىم.

(5) تەربىيىلەش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. ھەج تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەش ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ زور كۆپ قىسمى چەت - ياقا جايلاردىن كەلگەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ساياھەتكە ئاز چىقىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار بولغاچقا، ئۇلاردا تاشقى ئىشلار، ساياھەت، سەھىيە ساۋاتى، ھەج تاۋاپ قىلىش ئاساسىي بىلىملىرى كەمچىل بولۇپ، ھەج تاۋاپ قىلىش قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سالاپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ ھال بىزدىن چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىلەش خىزمىتىنى پۇختا ھەم ئوبدان ئىشلەپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ھەم سوتسىيالىستىك جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قانداق قوغداش، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىناق، دوستانە ئۆتىدىغان، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولغان ئىسىل پەزىلىتىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش، چېگرا سىرتىدىكى بىر ئۇچۇم دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي سىڭدۈرمىچىلىكىنى قانداق چەكلەش، بىخەتەرلىككە قانداق كاپالەتلىك قىلىش ۋە يۇرت - ماكانىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى قانداق تەشۋىق قىلىش قاتارلىق داۋالىيلارنى بىلدۈرۈش، ھەم ئۇلارغا چەت ئەلدە تۇرغان چاغدىكى ئاساسىي ساياھەت ۋە سەھىيە ساۋاتلىرىنى بىلدۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيىلەش مەزمۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. تەربىيىلەش خىزمىتىنى ناھىيىدىن باشلاپ تۇتۇش، ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون قاتارلىق 3 قاتلامدا تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى ۋىلايەتكە قارىتىش، تەربىيىلەش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۇسۇلى جانلىق ھەم كۆپ خىل بولسا بولىدۇ، مەزمۇنىنى ئاممىباب ھەم ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان قىلىپ تۈزۈپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.

(6) ھەج تاۋاپ قىلىشقا پارچە - پۇرات بارغۇچىلارغا بولغان باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. چەت ئەلدە ھەج تاۋاپ قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ كۆپى تۇغقان

يوقلاش نامى بىلەن 3 - دۆلەت ئارقىلىق ھەج تاۋاپ قىلىشقا پارچە - پۇرات بارىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلمەكتە. مۇشۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە، مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى بۇ جەھەتتە پائال ئىزدىنىپ، بەزى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ يىل يەنىلا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش لازىم. مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئۆلارنى تەشكىللەپ ھەم تەربىيىلەپ، باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بېرىش - كېلىشىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ھەج تاۋاپ قىلىشقا پارچە - پۇرات بارغۇچىلار ئارىسىدىكى مالىمانچىلىقنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش لازىم.

(7) چەت ئەلگە قاۋۇل، ئىخچام خىزمەت ئۆمىكىنى تاللاپ ئەۋەتىش كېرەك. خىزمەت ئۆمىكى چەت ئەلدە مۇرەككەپ ھەم ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدۇ، ئۆلارنىڭ مەسئۇلىيىتى زور، خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق. خىزمەتچى خادىملارنى تاللاپ ئەۋەتىشتە چوقۇم شەرتتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خىزمەتچى خادىملىقتا ئاساسلىقى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى ئىدىيىسى ياخشى، كەسپكە پىششىق، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىستىلدا دۇرۇس، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، يېشى 50 تىن تۆۋەن، سالامەتلىكى ياخشى بولغان ناھىيە (باشقارما باشلىقى) دەرىجىلىكتىن تۆۋەن (ناھىيە دەرىجىلىك، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كادىرلارنى تاللاش كېرەك. خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، بىرلىك سەپ تارمىقى قاتارلىق باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خادىملىرىنى مۇۋاپىق ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ (1996) 061 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۆبە ئۆمەكلەرنىڭ باشلىقلىقىنى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۆتەيدۇ. نازىر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ شۆبە ئۆمەكلەرنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئېتىبار بېرىشكە مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۆبە ئۆمەك باشلىقلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاش كېرەك. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. خىزمەتچى خادىملار چەت ئەلدە خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلىمىسە، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا ھەم چاتاق چىقارسا تاللاپ ئەۋەتكۈچى ئورۇن رەھبەرلىكىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، تەربىيىلەش ئارقىلىق، كۆپچىلىككە خىزمەتچى خادىم تاللاپ ئەۋەتىش ھەرگىزمۇ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئاممىنى تەشكىللەش ۋە ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك، خىزمەت ئۆمىكى خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم.

(8) ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئاممىنىڭ سېلىقىنى تىرىشىپ يېنىكلىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىمىز خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ، شۇڭا بىز بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ مەۋقەسى ۋە چىقىش نۇقتىسىدا خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشقا تەشكىللىشىمىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا بولغان ھۆرمىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە مۇسۇلمان ئاممىغا بولغان غەمخورلۇق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەتتە ئاممىنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىۋېتىشكە

مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. بەزى جايلاردا قالايمىقان ھەق ئېلىش ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن ھەق ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان. بۇ يىل ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق سوممىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىر تۇتاش ھېسابلاپ بېكىتىدۇ. جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ھەر قانداق شەكىل ۋە ھەر قانداق باھانە بىلەن قالايمىقان ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ بىر ئىنتىزام بولۇپ قېلىشى ھەم قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى شەرت. ئۇنداق قىلمىغاندا، باشقا جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىمىز ھەر قانچە ياخشى ئىشلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئاممىنىڭ بىزگە بولغان پىكرى يەنىلا كۆپ بولىدۇ، بۇ ھال پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئابرويىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭغا يولداشلار جەزمەن يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

(9) قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىپ قويۇش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى پىلانلىق، تەشكىللىك، تەرتىپلىك ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ھەم ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ يولنى راۋانلاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جايلار داۋاملىق ھالدا كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چەت ئەلگە چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىپ قويۇش پائالىيىتىنى توسۇشى كېرەك. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قارشى ئېلىشى ۋە ئۇزىتىپ قويۇشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

يولداشلار، ئالدىمىزدىكى خىزمەت ئىنتايىن ئېغىر، ۋاقىت ئىنتايىن قىس، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ، قاۋۇل خادىملارنى تاللاپ ئەۋەتىپ، خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەممەيلەنگە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق 1997 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

راخمان مەسۇم

(1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)

يولداشلار:

بىر يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەج تاۋاپ قىلىشنى تەشكىللەش خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۈگۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تېلېفون يىغىنىنى ئېچىپ بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يىللىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇشىڭتاۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا مۇھىم سۆز قىلىدۇ. تۆۋەندە مەن ئۆتكەن يىلقى خىزمەتنى قىسقىچە خۇلاسىلاپ، بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1996 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى گوۋۇيۈەننىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ پائال تىرىشىشى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى تارماقلىرىدا جاپالىق بىلەن خىزمەت ئىشلەۋاتقان يولداشلارغا، شۇنداقلا ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ۋە ئۇلارغا ھەمكارلاشقان ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

1996 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، بىزنىڭچە ئۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن

ئەھمىيەت بېرىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كومىتېتىمىزنىڭ 1996 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئۆز ۋاقتىدا تەستىقلىدى ۋە يوليورۇق بەردى، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت پىلانــــى ۋە تەشكىللەش، يولغا قويۇش تەرتىپىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، 1996 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ئاساس سېلىپ بەردى. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبىرى يولداشلار كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى ۋە بۇ خىزمەتكە ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەنە 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ 1996 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش يۇسۇپ ئەيسا مۇھىم سۆز قىلدى ۋە كونكرېت تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويدى. 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ھەر قايسىسىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلدى. مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلدى، ھەم تەشكىللەش، يولغا قويۇش جەھەتتىكى ھەر قايسى ھالقىلار تۇرلەر بويىچە مۇزاكىرە قىلىندى، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنــــى قېلىپلاشتۇرۇش، تۇزۇملەشتۇرۇشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

2. سان تەقسىماتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى، تەكشۇرۇپ تەستىقلاش ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلىنىپ، خىزمەت ئۇنۇمى يۇقىرى كۆتۇرۇلدى.

ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدىن كېيىن، بىز دەرھال بارلىق ھەج تاۋاپ قىلىش قىلغۇچىلار سانىنى جايلارغا تەقسىم قىلدۇق. جايلار بەلگىلەنگەن شەرتكە ئاساسەن، دەرىجىمۇ - دەرىجە تەكشۇرۇپ، نامزاتلارنى بەلگىلىدى ھەم ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. كۆپ ساندىكى جايلار تەكشۇرۇپ تەستىقلاش ماتېرىيالىنى ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا يوللاپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن، ئاقسۇ، بورتالا، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئالتاي قاتارلىق جايلار ماتېرىيالىنى ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بەردى. ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولدى. كومىتېتىمىزدىن تەكشۇرۇپ تەستىقلاشقا قاتناشقان يولداشلار يۇكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتەردى. ئۇلار 1995 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۇنلەش ئاساسىدا، «تەكشۇرۇپ تەستىقلاش خىزمىتى ئەھۋالى كۆرسەتكۈچى» ، «ھەج تاۋاپ قىلىش قىلغۇچىلارنى چېگرىدىن چىقىرىش، چېگرىدىن كىرگۈزۈش پىلانى» ۋە پاسپورتلارنى تۇرگە ئايرىش بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقىپ، جايلارنىڭ خىزمىتىگە پائال يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۆتكەن يىلى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى باھار بايرىمى، روزى ھېيت مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، يولداشلار دەم ئالماستىن ئىشلەپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تاشقى ئىشلار، جۇڭگو بانكىسى، سەھىيە كارانتىن، ئاۋىئاتسىيە، تاموژنا، قوراللىق ساقچى، چېگرا مۇداپىئەسى قاتارلىق ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىنتايىن زور خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە قىممەتلىك ھەمكارلىشىش روھىنى نامايەن قىلدى. ئۇلار ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار ئالدىرىغانغا ئالدىرىدى، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار ئويلىغاننى ئويلىدى، ھەم ئىمكان قەدەر ئامال ئىزدەپ رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. تالاش - تارتىش قىلىپ، ئىشتىن باش تارتىپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش باشتىن - ئاخىر كۆرۈلمىدى. ئۇلار ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

3. تەدبىرلەر ياخشىلىنىپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنى چەت ئەلگە مېڭىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئۆتكەن يىلى بىز ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئۈنۈملۈك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تەربىيىلەش نۇقتىسىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگىچە قاراتتۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۇلارنى 6 - 5 كۈنلۈك ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، كومىتېتىمىز ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى، ھەمدە ئادەم تەشكىللەپ تۇرپان ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۈرۈمچى شەھىرىگە جەم بولغاندىن كېيىن، بىز يەنە تۈركۈمگە بۆلۈپ دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتلەر - دىن سىياسىتى، ھەج تاۋاپ قىلىش ساۋاتلىرى، چېگرىدىن چىقىش - كىرىش ساۋاتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدۇق.

4. چەت ئەلدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

چەت ئەلدە، خىزمەت ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ جىددىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ۋە باش ئۆمەكنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆپ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ھەج تاۋاپ قىلىش مەزگىلىدە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئەترەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلدى، مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا ھەل قىلدى، پۈتكۈل ھەج تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى جىددىي بولغان بولسىمۇ، يەنىلا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. خىزمەتچى خادىملار تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا ۋە خىزمەت تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلدى، جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇردى، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش روھىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى بەربات قىلىپ، دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى روھى قىياپىتىنى نامايەن قىلدى.

1996 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە، يەنە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. مەسىلەن، بەزى جايلاردا سان تەقسىم قىلىشتا ئارىلىشىدىغانلار بەك كۆپ بولغاچقا، سان ئاساسىي قاتلاملارغا تەقسىم قىلىنمىدى، بۇنىڭغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ بولدى: بەزى كىشىلەر ھەج تاۋاپ قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئۆزگەرتىۋالغانلىقى، دوختۇرغا تەكشۈرتىشتە، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلىپ ئۆتىۋالغانلىقى ئۈچۈن،

يەنىلا بەزى يېشى چوڭ، كېسەلچان كىشىلەر ھەج تاۋاپ قىلىشقا تەستىقلىنىپ قالغان؛ بەزى جايلار تەربىيىلەش خىزمىتىگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز ئالدىغا ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغانلارنى باشقۇرۇشتا يەنىلا باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار بۇ مەسىلىلەرگە بۇ يىلقى خىزمەتلەر جەريانىدا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەر قوللىنىپ، خىزمەتچىلەر تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ھازىر مەن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق 7 مىنىستىرلىك، كومىتېتنىڭ «ئۆز پۇلى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارغا دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1995 - يىلدىكى «3 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» ، 1996 - يىلدىكى «16 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، سان تەقسىماتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش، چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، پۇختا تەشكىللەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ھەج تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت.

1. ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم.

ھەج تاۋاپ قىلىش - پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم خىزمەت. باش شۇجى جياڭ زېمىن مېغىزلىك قىلىپ «مىللەت - دىن خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق» دەپ كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار بۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشى، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ياخشى ئىشلىشى، خەلقئاراغا پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشى، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېسىل روھى قىياپىتىنى نامايەن قىلىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك قايناق ھېسسىياتىغا يەنىمۇ ئىلھام بېرىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش زېچ ماسلىشىپ خىزمەت قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرلۇك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنىڭ قەدەممۇ - قەدەم تۈزۈملىشىشى،

قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

2. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆلىمى ۋە سانىنى تەقسىم قىلىش پرىنسىپى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆلىمى يەنىلا بۇلتۇرقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى چۈشۈرگەن سان بويىچە بولىدۇ. ئاپتونوم رايون زاپاس سان قالدۇرمايدۇ، ھەر قايسى جايلار ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار سانىنى ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگىچە تەقسىم قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. سىياسەتنى ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

3. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ شەرتىنى قاتتىق ئىگىلەش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلاردا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى شەرت:

(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، دۆلەتنى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قەددى - قامىتى دۇرۇس بولغان، يېشى 65 ياشتىن تۆۋەن، 40 ياشتىن يۇقىرى بولغان، تېنى ساغلام، مېڭىش - تۇرۇشى راۋان، راۋۇرۇس تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىدىغان بولۇشى شەرت. (2) 1979 - يىلدىن بۇيان ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارغانلارنىڭ يەنە ھەج تاۋاپ قىلىشىنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ، كومپارتىيە ئەزالىرى (ھەج قىلىش مەقسىتىدە پارتىيىدىن چېكىنگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خىزمەتتىكى دۆلەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىنى، ھەج تاۋاپ قىلىش نامى بىلەن سودا قىلىشقا، دىن ئوقۇشقا چىققۇچىلارنىڭ ۋە ئېغىر ئاياق ئاياللارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ. (3) ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنى بېكىتىشتە، ئۇزاق مەزگىل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلاشقان، ئىپادىسى ياخشى بولغان دىنىي زاتلارنى ۋە ھەج تاۋاپ قىلىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى ئالدىن ئويلىشىش كېرەك. سان چەكلىك بولغانلىقتىن بىر ئائىلىدىن ئىككى ئادەمنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى چىڭىتىش كېرەك. ھەر قايسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى ئورۇنلار زىچ ھەمكارلىشىپ، ھەر خىل جەدۋەللەرنى ياخشى تولدۇرۇپ، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، سۈرئەتنى تېزلىتىشى كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىدە ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، تەپتىش نازارىتى بىرلىكتە تارقاتقان «ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى، ئۆزگىچە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، سانىنى قالپاق كەيگۈزۈپ چۈشۈرمەسلىكى، «باغاقچە» نى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىقى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈگىتىشى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋەزىپىسىنى سۈپەت ۋە سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ۋاقتىدا ئورۇندىشى كېرەك.

4. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش خىزمىتىنى

كۆچەيتىش لازىم.

تەربىيىلەش خىزمىتى - ھەج تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىدىكى ياخشى تەرتىپنى ساقلاش، جۈڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايەن قىلىشتىكى مۇھىم ھالقىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە ھاسىل قىلىنغان مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشى، ئاساسلىق رەھبىرى يولداشلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

بۇ يىل تەربىيىلەش خىزمىتىدە يەنىلا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ، تەربىيىلەش ۋاقتى 6 كۈندىن كەم بولمايدۇ. ھەر قايسى جايلاردىكى تەربىيىلەش پائالىيىتى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەربىيىلەش مەزمۇنى كومىتېتىمىز تەمىنلىگەن «ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارغا دائىر تەشۋىقات - تەربىيە تېزىسى» ، «ھەج تاۋاپ قىلىش بىلىملىرى ۋە چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» قاتارلىق يازما ۋە سىنئالغۇ ماتېرىياللىرىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇۋاپىق بېكىتىلسە بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى تاشقى ئىشلار، ساياھەت، سەھىيە قاتارلىق ئاددىي ساۋاتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونكرېت، تەسىرلىك ۋە ئەمەلىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، رەسمىيەتچىلىك قىلماسلىقى كېرەك. تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە كومىتېتىمىز بەزى جايلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ ھەم يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

5. ھەج تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار جۇڭگو ھەج تاۋاپ قىلىش باش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. «شىنجاڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمەت ئۆمىكى 31 ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون 14 ئادەمنى، ھەر قايسى جايلار 17 ئادەمنى تاللاپ ئەۋەتىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىدە 9 تارماق ئۆمەك تەسىس قىلىنىدۇ، ھەر بىر تارماق ئۆمەككە ئۆمەك باشلىقى ۋە خىزمەتچىدىن 1 دىن ئادەم تاللاپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، بېكىتىلگەندىن بارغۇچىلار گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا 9 تارماق ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىدۇ ھەم 1 نەپەر تارماق ئۆمەك باشلىقى قويۇلىدۇ. ھەر قايسى تارماق ئۆمەكتە بىر نەچچە گۇرۇپپا تەسىس قىلىنىدۇ. بىر نەچچە ياش ھەم قاۋۇل خادىم كۆپچىلىككە مۇلازىمەت قىلىشقا بېكىتىلىدۇ.

ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمەت ئۆمىكىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئاساسلىقى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك (ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن بولىدۇ. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن: بىرلىكسەپ قاتارلىق باشقا ئالاقىدار تارماقلاردىكى خادىملارنى مۇۋاپىق ئويلىشىشقا بولىدۇ. ھەر قايسى تارماق ئۆمەكنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىنى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىرلار ئۆتەيدۇ. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تارماق ئۆمەك باشلىقلىقىنى ۋالى، نازىر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار ئۆتەشكە بولمايدۇ. خىزمەتچى خادىملارنىڭ سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، مىللەتلەر - دىن

(ئاخىرى 72 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1996 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 1997 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە، بىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى توپ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات» تىن ئىبارەت يېڭى مەزگىلدىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى «ئۈچ جۈملە سۆز» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەپ، ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى پائال، پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ھەممە تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

**1. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى روھىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، فۇنكسىيىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجاتچانلىق روھ بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇق.**

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى يەنىمۇ قوغداش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى كونكرېتلاشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «پىكىر» دە مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ خىزمەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە ئىشەنگەنلىكىنى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ۋە بىزنى قوللىغانلىقىنى، شۇنداقلا زىممىمىزدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كومىتېتىمىز پارتگۇرۇپپىسى ئورگاننىڭ ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئەستايىدىل تەشكىللىدى، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى

ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ يىللىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە بولغان تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، «مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «پىكىر» دە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى ئىدىيە، مۇھىم ۋەزىپە ۋە ئاساسلىق تەدبىرلەر بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ «پىكىر» ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكىگە يوللىنىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىلدى.

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى روھىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىللەتلەر - دىن خىزمىتى سىستېمىسىدا ئومۇميۈزلۈك توغرا ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن، پارتگۇرۇپپىسى بىر قاتار تولۇق تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا، ئايرىم ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى ۋە شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى سىستېمىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى ۋە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «پىكىر» ىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، چوقۇم مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، دېگەن ئىدىيىنى پۇختا تىكلەش، مۇقىمسىز ئامىللارنى تىرىشىپ تۈگىتىش كېرەك، بۇ بىز مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى، خىزمەت ئەمەلىيىتىدە، بىز مۇقىملىقنى قوغداشنى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى سىستېمىسىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. پۈتۈن يىللىق مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كومىتېت رەھبەرلىرى باشچىلىقىدا ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى روھىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بىز يەنە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشى ۋە چۈشىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىدىكى تەشەببۇسكارلىقنى پۇختا ئىگىلىدۇق. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلارنى داۋاملىق ماسلاشتۇرۇپ، كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «قارا چاي پاكىز ئەمەس» دېگەن ئىغۋانىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا پەيدا قىلغان تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئىغۋانىڭ يەنىمۇ تارقىلىپ

كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، «قارا چاي» نى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى «ئېلان» نى تارقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش، قانۇنسىز تىجارەت قىلىشقا زەربە بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇش سۈيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدۇق.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى تېز ھەم كەسكىن ھالدا يوقىتىش — ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ تەلىپى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە دۆلەت نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىز تېزدىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ئاپتونوم رايوندا «غەيرىي جىنسىي ئۆرپ - ئادەتلەر» دېگەن كىتابنى تەكشۈرۈش، چەكلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىگە مەركەزنىڭ بۇ كىتابنى بىر تەرەپ قىلغانلىق ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ، بۇ كىتاب پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسەتكەن پاسسىپ ئامىللارنى ئۈنۈملۈك يوقاتتۇق. بىز يەنە بايرام كۈنلىرى ۋە نازۇك مەزگىلدىكى مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بەزى قىزىق نۇقتا، قېيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى شىنجاڭغا چېتىلىدىغان ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا چەت ئەللىكلەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىكى ئۆلچەملىك ماتېرىيالنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ خەلقئارا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولغان ئۈنۈملۈك ئاساس بىلەن تەمىنلىدۇق.

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ تېزدىن قانۇنلىشىش يولىغا مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئالدىغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە. قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن تەرەققىيات مەبلىغى، تويۇنۇش - كېيىنىش فوندىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» ۋە «ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇن - بەلگىلىمە، نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ، تەستىقلىشىغا يوللىدۇق. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدە سىياسەت چەك - چېگرىسىنى ياخشى ئىگىلەش،

خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئايرىش ئۈچۈن، بىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا ئايرىش، بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە «مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى دىنغا دائىر ئالاقىدار خىزمەتلەر توغرىسىدىكى پىكىر» نى يوللىدۇق. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەم ئۇنى تەستىقلىدى.

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە، بىز بىر تەرەپتىن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى ئىدىيە، پىسخىك ۋە جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا ئاڭلىق قاتنىشىشقا يېتەكلىدۇق. بىز ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى تەشكىللەش، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، بېسىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» تىن كېلىدۇ، دېگەن يېتەكچى ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇش، بۇ خىل يېتەكچى ئىدىيىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بارلىق خاتا كۆزقاراش ۋە مۇجمەل تونۇشلارنى قەتئىي تۈگىتىش تەربىيىسى، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولغان، يۈكسەك دەرىجىدىكى ھوشيارلىقنى ساقلىغان، بايرىقى روشەن بولغان ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش تەربىيىسى بەردۇق. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئاممىسىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتەردۇق.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى - سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتلەر - دىن مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، چوقۇم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، پارتگۇرۇپپىسى بارلىق كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان نىشان ۋە ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، كومىتېتىمىزنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىدە «قارار» نىڭ روھىنى تېزدىن ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىنى

قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، «ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى» نى تۈزۈپ چىقتۇق، ھەمدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6- ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت - دىن خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.

**2. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.**

1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى باشتىن - ئاخىر ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە بىر تۈرلۈك ئۇزاق مەزگىللىك مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ كەلدى. بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش تەربىيىسى ۋە جامائەت پىكرى تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنى پۈتۈن خىزمەتتە باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇردۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ماركسىزمنىڭ مىللەت - دىن نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقى تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش جەريانىنى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا تۆھپە قوشۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى قىلدۇق. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ھەمكارلىشىپ 14 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا، بىز بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئورۇنلار چاقىرغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتۇق ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقىدار ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەر قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى يەنىمۇ ئۈنۈملۈك تەشۋىق قىلىش مەسىلىسىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلدۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىدىكى نەتىجىلەرنى پۇختىلاش ئۈچۈن، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن، نەمۇنىچى شەخسلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىشىغا يوللاپ بەردۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوسمان

قادىر، ۋاڭ جىئې، گېمىنقان قاتارلىق 3 نەپەر يولداشنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس، دەپ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخسلەر تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق.

2) ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق.

ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ماكرولۇق ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يىللىق پىلانى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىششىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتۇق. ئاساسلىقى: مالىيە نازارىتى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، مالىيە، باج، پۇل - مۇئامىلە قاتارلىق يېڭى تۈزۈلمە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق. مىللەتلەرگە دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا، توغرا ئورۇنلىدۇق. خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ تەرەققىيات تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا پائال قاتناشتۇق. بۇلتۇر سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات مەھكىمىسى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا دائىر ئالاقىدار ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلىدۇق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشى، تۈرلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدۇق.

تۈرلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «مەبلەغ تۈرلىرىنى باشقۇرۇش كۇرسى» ئېچىشقا تەييارلىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مالىيە سىستېمىسىدا تۈر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلارنى تەربىيىلىدۇق. ئىككىنچى، «تويۇنۇش - كىيىنىش فوندى»، «يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن تەرەققىيات مەبلىغى» نى باشقۇرۇشتا، مالىيە تارماقلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بۇ يىل ئۇلار بىلەن بىرلىكتە، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 20 قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ، تۈرلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. بۇ يىل يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن تەرەققىيات مەبلىغىدىن جەمئىي 26 مىليون يۈەن تەلەپ قىلىپ، 17 تۈرگە ياردەم قىلدۇق؛ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەخسۇس قەرز پۇلى» دىن 6 مىليون يۈەن تەلەپ قىلىپ، 5 تۈرگە ياردەم قىلدۇق؛ «تويۇنۇش، كىيىنىش فوندى» دىن 2 مىليون يۈەن تەلەپ قىلىپ، 4 تۈرگە ياردەم بەردۇق؛ 1994 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى يېزا - بازار كارخانىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلى قوشۇمچە ئۆسۈملۈك مەبلىغىدىن 650 مىڭ يۈەننى، 1995 - يىللىق قوشۇمچە ئۆسۈملۈك مەبلىغىدىن 1 مىليون 100 مىڭ يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈردۇق. يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى قوشۇمچە ياردەم راسخوتىدىن 3 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 65 تۈرگە ياردەم بەردۇق. بۇ مەبلەغ ۋە تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، نامرات ئاممىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

«1995 - يىللىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېرسال جەدۋىلى»، «مىللىي يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى»، «1996 - يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ستاتىستىكا جەدۋىلى»، «ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى» گە دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئورۇنلىدۇق. 1995 - يىللىق «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىگە دائىر ستاتىستىكا يىلنامىسى» نىڭ شىنجاڭغا دائىر بۆلىكىنى يېزىش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق.

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ياردەملىشىپ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردۇق.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ يېپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە داۋاملىق قاتنىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق. مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى، مىللىي سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويۇش، باھالاش خىزمىتىگە قاتناشتۇق؛ مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئېسىل تەرجىمە فىلىملىرى ۋە تەرجىمە فىلىملىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىشقا تەييارلىق قىلدۇق، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە سەنئىتى «تۇلپار مۇكاپاتى» بويىچە باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى تەشكىللىدۇق. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى خەتتاتلىق لۇغىتى»، «شىنجاڭ لۇغىتى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قورال كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق. «شىنجاڭدىكى 13 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ قۇت نىشانى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلىپ تارقاتتۇق. مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل مەجمۇئەنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە، ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كومىتېتىمىزدە «مىللەتلەر - دىن ئىشلىرىغا دائىر نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدىكى «سېرىق نەشر بۇيۇملىرى، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى قەتئىي قانات يايدۇرۇش» روھى بويىچە، ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردۇق. بۇ خىزمەتلەر ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش جەھەتتە مۇھىم ھەم پائال رول ئوينىدى.

مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنىڭ كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ھەمكارلىق يىغىنىغا قاتناشتۇق. بۇ قېتىمقى يىغىن سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ كەسىپلەر بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن بېكىتتى، يىغىندىن كېيىن، بىز پائال تەدبىر قوللىنىپ

ئالاقىدار ھەمكارلىشىش تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتۇق. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە چوڭلار مائارىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق، خەنزۇچە ئوقۇغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار، مىللىيچە ئوقۇغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە موڭغۇلچە ئوقۇغان موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئىمتىھانغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، «جۇڭخۇا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» ئارقىلىق، چىرا ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئايشىن سىرى ئوتتۇرا مەكتىپى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 100 مىڭ يۈەن، 140 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردۇق. ياپونىيىلىك دوستىنىڭ قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ۋە خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكۇمىدا ھەر يىلى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى مەسئۇل بولۇپ بېجىردۇق. مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، بۇ يىللىق 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى مۇۋاپىق تەخسىم قىلدۇق. ئىلگىرىكى يىللاردىكى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، بۇ يىللىق قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى ئىشلىتىشتە خەتەرلىك ئۆي مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشتىن ئوقۇتۇش تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ۋە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش جەھەتكە ئۆتتۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە يىغىنىنى ئېچىشقا، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈش، تەشكىللەش خىزمىتىنى باشلامچى بولۇپ قانات يايدۇردۇق. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش يىغىنىنى ئېچىپ «مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر» نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق.

4) مىللەتلەرگە دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردۇق، بولۇپمۇ سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق. بىر يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن زىيارەتكە، ئېكسكۇرسىيىگە، تەكشۈرۈشكە كەلگەن 20 نەچچە تۈركۈم، 400 گە يېقىن كىشىنى كۈتۈۋالدۇق. بىز دۆلەت ئىچى بىلەن سىرتىنى پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ كادىرلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلىدۇق. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىگە ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچىدە «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نى ئاچتۇق.

5) خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىسىگە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بەردۇق ۋە ھەل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدۇق. ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا،

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تويىنى چوڭ ئۆتكۈزۈشكە قارىتا ئىنكاسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى تېزدىن ئۇچۇر قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدۇق. «شىنجاڭ گېزىتى» دە بۇ ھەقتە ماقالە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدۇق. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، تويىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش پائالىيىتى ئەۋج ئالدى.

**3. پارتىيىنىڭ دىن سىياستىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائالىيەتكەلەش ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.**

دىن مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆلچەشتىكى بارومېتر، بۇنى شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرمۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ دېيىلدى. بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. پارتىيىنىڭ دىن سىياستىنى يەنىمۇ ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان چوڭ مەسىلە. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق، نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەتنى تۇتتۇق.

1) ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلدۇق ۋە ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاممىغا قارىتىلغان تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئاممىغا ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىنى نەچچە مىليون ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۇلۇق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇردۇق. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتى تېز، تەدبىرى مۇۋاپىق بولدى، ئۇلار تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا پۇختا ھەم داغ دۇغىلىق قانات يايدۇردى. بەزى جايلار يەنە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ۋە ئەيىپلەش يىغىنلىرىنى تەشكىللەپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تۇرپان ۋىلايىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزا، بازار، مەيدانلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھۆججەتنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلاملارغا يەتكۈزدى. ئۇرۇمچى باسقۇچقا، رايونغا بۆلۈپ، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قاتناشقان 30 نەچچە قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەيىپلەش يىغىنى ئېچىپ، ئاممىغا بۇ يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن بىر قاتاربۆلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش ئەنزىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بولغان كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغاپ، ئۇلارغا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئېغىر زىيىنىنى يەنىمۇ تونۇتتى. قەشقەر ۋىلايىتى ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكىلەرنىڭ پائال تىرىشىشى ئارقىسىدا،

مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساس تۇرغۇزۇلدى.

2) «قاتتىق زەربە بېرىش» كە ماسلىشىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي تۇسۇدۇق ۋە ئەمەلدىن قالدۇردۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، كونكرېت تاكتىكا ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردۇق. بۇنىڭدا ئاساسەن، غەيرى دىن تەشكىلاتىنىڭ تارقىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي زەربە بەردۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا «ھەر خىل غەيرى دىن تەشكىلاتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا ئېلىپ بارغان سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چەكلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتۇق. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى شېڭلىك چۆگجىيەن جەمئىيىتىنى سالماقلىق بىلەن تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق.

ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان بۇ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردۇق ۋە پائال يېتەكچىلىك قىلدۇق، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئۇنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ كۈرەشنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تۆرتكە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قوغدۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

3) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، كېنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى مەركەزلىك تۇتتۇق. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، 1996 - يىلى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىل، شۇنداقلا ئەڭ ھالقىلىق بىر يىل ئىدى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بىز كۈچ تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق جايلارنىڭ تىزىملاش خىزمىتىنى تەكشۈردۇق، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدۇق ۋە تۈزەتتۇق، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدۇق. خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، تىپلارنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي نۇقتىلار ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تىزىملاش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى بىر قېتىم ئۇزۇل - كېسىل ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش» دېگەن تەلەپنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تىزىملاش، كېنىشكە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى پۇختا، جىددىي، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تىزىملاش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشنى ۋە سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى؛ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئەتراپلىق تەشكىللىدى، كەسپىنى پىششىق ئىگىلىدى، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىدى؛ تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋەدىنىي زاتلار تىزىملاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى، ئۇلارنىڭ تىزىملاش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلدى؛ ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى، زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تىزىملاش

خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. نۆۋەتتە، كۆپ ساندىكى جايلار تىزىملاش خىزمىتىنى ئورۇنلاپ بولدى، ۋەزىيىتى بىر قەدەر ئېغىر بولغان جايلار جىددىي ئىشلىمەكتە، كومىتېتىمىز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، بۇ جايلارنىڭ ەزىيىنى يىل ئاخىرىغىچە ئورۇنلاپ بولۇشىغا ياردەم بەردى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

4) شەخسلەر ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىدا دىن ئۆگىنىۋاتقانلارنى تىزىملىدۇق ۋە تەكشۈردۇق. بۇ كىشىلەر دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار بولمىغاچقا ئىلگىرى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇلمىغان. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، بۇ جەھەتتىكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردۇق ھەم تىزىملاش ئارخىپى تۇرغۇزدۇق. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە شەخسلەر ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىدا 2 يىلدىن كۆپرەك دىن ئۆگەنگەن، يېشى 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان 12 مىڭ 922 كىشىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدىن قارىغاندا كۆپ ساندىكىلىرى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئىكەن، ئىپادىسى ناچارلار ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، زىيىنى چوڭ ئىكەن. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، نۆۋەتتە، سېزىلگەن مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە 50 پىرسەنتى شەخسلەر ئاچقان دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىدا ئوقۇغان كىشىلەر ئىكەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى جايلار تەربىيىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئېغىر مەسىلىسى بارلارنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىپ كونترول قىلدى.

5) ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياخشى ئىشلىدۇق. بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ئىلگىرىكى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن چىڭ تۇتتۇق. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى خىزمەت ئۇسۇلىنى پائال ياخشىلاپ، ئوتتۇرىدىكى ھالقىلارنى تىرىشىپ ئازايتىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئۆتكۈلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى چىڭىتتى ھەم ھەج تاۋا قىلغۇچىلارنى چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشىنى كۈچەيتتى. بىرلىكسەپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى ياش ۋە قابىلىيەتلىك، كەسىپكە پىششىق كادىرلارنى ئاجرىتىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى ئۆمىكى تەشكىللەپ چەت ئەلدىكى تەشكىللەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتۇق. بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇ يىل ئۆز پۇلى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارغان 1050 كىشىنى ۋە ئۆز ئالدىغا ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارغان 70 كىشىنى ھەج تاۋاپ قىلىشقا تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدۇق.

6) دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتۇق. بۇ بىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزۇن مەزگىللىك ... بىر تۈرلۈك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمىتىمىز. بۇ يىل بىز دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ئارىسىدا ساقلانغان بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى ۋاقىتقا ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ

قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق ھەم بۇخىزمەتنى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. 9 - ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 120 كىشى قاتناشقان بىرىنچى قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. جايلارمۇ مۇشۇنداق تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئېچىشقا باشلىدى.

7) دىنىي ساھەدە «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى» نى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى. شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكىلەرنى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ بىرى. بىز ھەرقايسى جايلارنىڭ «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ پائالىيەتنى ساغلام تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش، تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەشكىللەشنى قانات يايدۇردۇق.

8) ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىي شۆيۈەنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى، بۇددا دىنىي جەمئىيىتى كومىتېتىمىزنىڭ تەشكىللىشى، رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلام دىنىي شۆيۈەنى ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى، پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى، مەنىۋىي مەدەنىيەت پائالىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈش، شۇنداقلا سىياسەت دەرسى ئۆتۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، مەكتەپ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

**4. ئورگان ئىسلاھاتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، فۇنكسىيىنى جانلاندۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىمىزنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ھەقىقىي ئۈستىمىزگە ئالدۇق.**

ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىرلەشتۇرۇلۇش ۋە تەڭشىلىشكە دۇچ كەلدى. كونكرېت لايىھە ئېنىق بولمىغاچقا، بىر قىسىم كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە تەۋرىنىش بولدى. بىز بىر تەرەپتىن، سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىپ، خىزمەتنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان ئىسلاھاتى لايىھىسى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ ماس كېلىدىغان جايلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇپ، ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، بىر قەدەر ياخشى

نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

ئورگاننىڭ ئورگان ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە ئورگان ئىسلاھاتىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى دەپ بىلىپ، نۆۋەتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى ئورگانلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. كېيىنكى قەدەمدە بىز ھەرقايسى جايلارنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىشىمىز. مىللەتلەر - دىن خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىز ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ۋە بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى ۋە كەسپىي خىزمەت ئىقتىدارىنى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتەردۇق.

كومىتېتىمىز پارتگۇرۇپپىسى پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. پارتگۇرۇپپىسى كومىتېتىمىز رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى، پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى، ھەممە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈردى. رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتگۇرۇپپىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتىيە كومىتېتىنىڭ قەرەللىك ھالدا پارتگۇرۇپپىسىغا دوكلات قىلىشىنى بەلگىلىدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتىيە كومىتېتى يەنە ئورگاندىكى ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانا ۋە كومىتېتقا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز مىللەتلەر - دىن خىزمىتى ۋەزىيىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلىدۇق. نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتلىرىمىزدە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسەن پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ياخشى مەسلىھەتچى بولۇش، ماسلاشتۇرۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمىتىمىز يېتەرلىك بولمىدى. خىزمەت شارائىتىمىز بىر قەدەر ناچار، خىراجەت جىددىي بولغاچقا، بەزى خىزمەتلەرنى ئىزچىل ئىشلىيەلمىدۇق. يېڭى بىر يىلدا، بىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

# 1997 - يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1997 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە

ئومۇمىي تەلىپى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىش، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسىتىنى يەنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاش، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

1997 - يىلى، بىز فۇنكسىيىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، دائىملىق خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمىز:

1. مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايمىز.

«شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» تىن كېلىدۇ دېگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى پۇختا تىكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى بارلىق خىزمىتىمىزنىڭ مەۋقەسى قىلىمىز. يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تەشۋىقات، تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋىي تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىمىز: ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، مىللەتلەر - دىن سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىمىز، ھەمدە ئومۇمىي ئەھۋالنى تەھلىل قىلىنغان، تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى قىلىپ، ئاپتونوم رايونغا يوللايمىز؛ دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز.

يەر ئاستى تالىپلارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەيمىز ۋە ئەمەلدىن قالدۇرىمىز، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق ئايرىپ ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمىز. مىللەتلەر - دىن مەسىلىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش

ئېھتىمالى بولغان مۇقىمسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ۋە شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىمىز.

2. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت - دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسىتى تەشۋىقات تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە قارىتا ناھايىتى كۆپ كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز مەركەزنىڭ «قارارى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «پىكرى» نى يېتەكچى قىلىپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر - دىن سىياسىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرىمىز. 1997 - يىلى تەشۋىقات - تەربىيە تېزىسىنى يېزىپ چىقىمىز، مىللەتلەر - دىن سىياسىتىگە دائىر، قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى، مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتىگە دائىر بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللەتلەر - دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى تۈزۈپ، تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەربىيە ماتېرىيالى قىلىمىز، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر دائىرىلىك تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىمىز. ئاپتونوم رايوننىڭ 15 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتە يېڭى بوسۇشنى ھاسىل قىلىمىز. مىللەتلەر - دىن سىياسىتى دوكلات ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا بېرىپ تەشۋىق قىلىمىز. يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىمىز. كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە ئورۇن، شەخسلەرنىڭ ۋە «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى»، «بەشتە ياخشى دىنىي زات» لارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار تىپلارنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىمىز. كېيىنكى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق دىنىي ساھەدىكى «قوش بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچىمىز.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام دىنى، خىرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، بۇددا دىنىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملىرىنى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچىمىز. بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە ھەمكارلىشىپ، ئىككى تۈركۈم (60 كىشىلىك) دىنىي زاتلار ئۆمىكىنى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەيمىز.

ئاممىغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ بېيىش كۆز قارىشىنى تىكلەش تەربىيىسى، «كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» تەك ھورۇن، قورقۇنچاقلىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىش تەربىيىسى ئېلىپ بارىمىز. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق

ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئىلغار تىپلارنى كېڭەيتىپ، تىرىشىپ بۇ خىزمەتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىمىز.

3. مىللەتلەرگە، دىنغا دائىر قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرگە، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمە سىستېمىسىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سالىمىز.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ئىلمىي، مۇكەممەل بولغان قانۇن تۈرغۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 2000 - يىلغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مىللەتلەر، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمە سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. 1997 - يىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر:

1) ئاپتونوم رايوننىڭ «3 - بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرگە، دىنغا دائىر قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. يېڭى ۋەزىيەتكە - ۋەزىپىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ۋە مىللەتلەرگە، دىنغا ئالاقىدار قانۇن، قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىمىز. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە ئورۇن، نەمۇنىچى شەخسلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»، «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» نى يولغا قويۇش چارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىقلارنىڭ بالدۇراق تۈزۈلۈپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

2) گوۋۇيۈەننىڭ دىنغا دائىر ئىككى قانۇن - بەلگىلىمىسى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» ۋە «ھەج تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تۈزۈپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرىمىز، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ ۋەز ئېيتىش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇقتىدا سىناق قىلىمىز.

4. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي خىزمىتىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان پۇرسەت. بىز زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دادىل يول ئېچىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز.

1) مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئاچقان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەيمىز، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىگە ھەمكارلىشىپ، خوتەن شەھىرىگە قارىتىلغان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش جەھەتتە ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

2) «ئىككى خىل مەبلەغ» بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىمىز. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە تەشكىللەش، بىرلىكتە تەكشۈرۈش، بىرلىكتە مەلۇم قىلىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. تۈرلەرنى يولغا قويۇش جەريانىدا، تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىمىز. تۈرلەرنى باھالاش بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئاچىمىز. پائال شارائىت يارىتىپ، تۈرلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچىمىز.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇكەممەل بولغان قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان باشقۇرۇش يولىغا سالىمىز. مىللىي سودا، مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز. بىر قېتىم مىللىي يېزا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مىللىي يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز.

5. ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇقتىنى تۇتۇپ، قېيىن نۇقتىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قىززىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىمىز.

1) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە يۈزلىنىشىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تەسىرى ۋە رولىنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يولى ۋە چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

2) كەسپىي مائارىپنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىدىكى ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تەكشۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، تەدبىر بەلگىلەش ئاساسلىرى بىلەن تەمىن ئېتىمىز.

3) گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئايرىم جايلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى تېزلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قالدۇق مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، تىزىملاش خىزمىتىنى1997ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا پۈتۈنلەي ئورۇنلاپ بولىمىز. دائىملىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز.

4) ۋاھابى مەزھىپى مەسىلىسى ۋە جېھرىيە مەزھىپى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

5) دىنىي مەكتەپ ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز. دىنىي مەكتەپ ۋە دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ، چەت ئەلدە دىن ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە يەر ئاستى تالىپلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ھەمدە مۇۋاپىق پەيتتە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچىمىز. دىنىي مەكتەپ ۋە دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايمىز. ئىسلام دىنىي شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى

تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىمىز.

6) خىرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «3 نى بېكىتىش» خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، «ئىككى دىن»غا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىمىز. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «ئىككى دىن» - خىزمىتى جەھەتتىكى سىياسەت خاراكتېرلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى تېزدىن قانۇن بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سالىمىز. ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ ئىككى دىنى جەھەتتىكى مەسىلىلىرىگە قارىتا، بۇددا دىنىي خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

7) مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنىڭ مىللەتلەر - دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، سىڭىپ كىرىشىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش تاكتىكىسى ۋە تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىمىز.

8) يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھەر قايسى جايلارنىڭ دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتىكى تىپىك تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى يول ئۈستىدە پائال ئىزدىنىمىز.

9) ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. مەركەزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەت ۋە يوليورۇقنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى قەئىي تۈزىتىپ، چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىللەش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ياخشىلايمىز.

10) ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىمىز. «نەمۇنە مەسچىت»لەرنى باھالاش، كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ۋە ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىمىز. «دىن ئوقۇتۇش سىنىپ (نۇقتا) لىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويىمىز. جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ «مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ياخشى يولغا قويىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىمىز. ياش دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ 2 - بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەيمىز.

6. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

1) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە چوڭلار ئالىي مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيمىز، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، مائارىپ قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىمىز. سەندۇڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، مائارىپ قوشۇمچە ياردەم راسخوتىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىمىز. سەندۇڭ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى بىلەن بولغان

ئالاقىنى كۈچەيتىپ، كەسىپلەر بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش لايىھەسىنى مۇزاكىرىلىشىپ تۈزۈپ چىقىپ، ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز.

2) بەش خىل مەجمۇئە خىزمىتى جەھەتتە «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ تۈزىتىلگەن ئۇيغۇرچە نەشرى، قازاقچە نەشرى، «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 2 - قىسىم موڭغۇلچە نەشرى خىزمىتىنى تىرىشىپ ئورۇنلايمىز. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت لۇغىتى» ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت كۆركى» نى تەھرىرلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلايمىز. «مىللەتلەر تەزكىرىسى» ، «دىن تەزكىرىسى» نى تۈزۈش، تەھرىرلەش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيمىز.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى جەھەتتە پىلان بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى پىلان بويىچە نەشر قىلدۇرىمىز.

4) 1998 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىنى ئېچىش ئۈچۈن، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەيمىز. بۇ خىراجەت يىغىش، تەشكىللەش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، تۈرلەرنى تاللاش، مۇسابىقە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىمىز.

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئالاقىدار ئورگانلار بىرلىكتە چۈشۈرگەن «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز، ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆز تەكلىپلىرىمىزنى بېرىمىز. ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ، تاللاپ ئۆستۈرۈش پىلانىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار سىنىپى ئاچىمىز. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتىنى پائال ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز. ئاساسىي قاتلاملاردا مىللەتلەر - دىن خىزمىتى ئىشلەۋاتقان كادىرلارنى تەربىيىلەش بويىچە ئىككىنچى قارار ئۆگىنىش سىنىپىنى ئاچىمىز.

8. «شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى» ژۇرنىلىنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئۇچۇر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مۇۋاپىق پەيتتە، بىر قارار مىللەتلەر - دىن ئۇچۇر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئاچىمىز، كۆتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

9. ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، فۇنكسىيىمىزنى ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىمىز.

ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش، توغرا ئىستىلنى تەكىتلەش تەلىپى بويىچە، پۈتۈن كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئۇلاردا ماركسىزملىق دۆلەت قارشى، مىللەت قارشى، دىن قارشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىمىز. يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر دىن خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولىمىز. دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كومىتېتقا قاراشلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنىي جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دىنىي شۆيۈەنىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتلىك ئورگان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللەيمىز. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەكىتلەش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيمىز. كومىتېت پارتگورۇپپىسى تۈزگەن ئورگاننىڭ خىزمىتىگە ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىمىز. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن شىياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتىۋالىمىز.

(بېشى 52 - بەتتە)

سىياستى ۋە كەسپىي بىلىمگە پىششىق بولۇشى، مەلۇم دەرىجىدە تاشقى ئىشلارغا دائىر بىلىمى بولغان بولۇشى، نىسبەتەن كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە مول خىزمەت تەجرىبىسى بولغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يېشى 50 ياشتىن تۆۋەن بولۇشى، تېنى ساغلام بولۇشى كېرەك. خىزمەتچى خادىم تاللاش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىگە بېرىلىپ كېتىدىغانلارنى ھەج تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنىڭ خىزمەتچى خادىمى قىلىپ ئەۋەتمەسلىك كېرەك. تارماق ئۆمەك باشلىقى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى، سىياسىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە پاسپورت بېجىرىشكە ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن ئىلگىرى كومىتېتىمىزغا يوللاش كېرەك.

6. باشقا ئىشلار:

بۇ يىل ھەج تاۋاپ قىلىش كۈنى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلىرى، مۆلچەرىمىزچە 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ ئۇچۇشى مۇمكىن. ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە يىغىلىش ۋاقتى، راسخوت ئۆلچىمىگە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ.

يولداشلار، ھازىر ۋاقىت قىس، خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلارنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بۇ يىللىق ھەج تاۋاپ قىلىش خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.






1996 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خوڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

(ژۇرنىلىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەستىقلىغان. ئىچكى
گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى ((X. J) 0177)